
دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

# ھىندىستانلىقلارنىڭ داھىيسى

# گەندى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

## دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

- مەشھۇر دىپلومات — كىسسىنگېر 8 يۈەن
- ئەدەبىيات پېشۋاسى — ھېمىڭۋاي 8 يۈەن
- داڭدار پەيلاسوپ — نىچشې 8 يۈەن
- ئەنگلىيىنىڭ پەخرى — چېرچىل 8 يۈەن
- فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى — دې گول 8 يۈەن
- گېزىتچىلىك خاقانى — پۇلىتسېر 8 يۈەن
- ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرى — ياكوكا 8 يۈەن
- سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى — گورباچيوف 8 يۈەن
- ھىندىستانلىقلارنىڭ داھىيسى — گەندى 8 يۈەن
- تالانتلىق ئالەم مۇتەخەسسىسى — فون بلاۋېر 8 يۈەن

ISBN 978-7-228-05586-9
9 787228 055869 >
定价：80.00 元

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

# ھىندىستانلىقلارنىڭ داھىيسى

# گەندى


ئاپتورى : ليۇ يۇنىڭ

تەرجىمە قىلغۇچى : ئابدۇكېرەم مامۇت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

印度圣雄——甘地：维吾尔文/刘雨宁编著；阿布都克力木译.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.3 （2009.4 重印）
（世纪人物传记故事丛书·第2集/刘俊峰主编）
ISBN 978-7-228-05586-9

Ⅰ.印… Ⅱ.①刘… ②阿… Ⅲ.甘… 生平事迹-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第76824号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 艾克巴尔·艾力 |
| **责任校对** | 赛娜瓦尔、扎米拉 |
| **特约校对** | 米克丽古丽·毛明 |
| **封面设计** | 祖力喀尔装帧 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **电　　话** | 0991-2827472 |
| **印　　刷** | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| **经　　销** | 各地新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230毫米 32开本 |
| **印　　张** | 4.375 |
| **版　　次** | 2000年3月第1版 |
| **印　　次** | 2009年4月第2次印刷 |
| **印　　数** | 4001 - 7000 |
| **总 定 价** | 80.00 元 |
| **单　　价** | 8.00 元 |

بۇ كىتاب بېيجىڭ كۇتۇپخانا نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 1997 - يىل 1 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京图书馆出版社1997年1月第1版、1997年1月第1次印刷本翻译出版

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

## ھىندىستانلىقلارنىڭ داھىسى — گەندى

**ئاپتورى:** لىيۇ يۇنىڭ
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئابدۇكېرىم مامۇت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەكبەر ئەلى
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم، زەمىرە پىدائى
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** مېھرىگۈل مۆمىن
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** زۇلقەر لايىھەچىلىكى
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**تېلېفون:** 0991 - 2827472
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلار
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 4.375
**نەشرى:** 2000 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى:** 2009 - يىلى 4 - ئاي 2 - بېسىلىشى
**تىراژى:** 4001 - 7000
**كىتاب** نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 05586 - 9
**ئومۇمىي باھاسى:** 80.00 يۈەن
**يەككە باھاسى:** 8.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

موخانداس كارامچاند گەندى (1869 ــ 1948) ھىندىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئاتاقلىق داھىيسى. گەندى پۈتۈن ھاياتىنى ھىندى مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىق ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ھىندىستان خەلقى تەرىپىدىن «مۇقەددەس ئاتا» دەپ ئۇلۇغلانغان. ئۇ ئاتاقلىق سىياسىي داھىي بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مەشھۇر مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي ئىدىيىسى پۈتكۈل ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا غايەت زور ھەم چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان.

ئۇ يەنە تاشقى كۆرۈنۈشى ئادەتتىكىدەك، ئىچكى دۇنياسى مۇرەككەپ ھەم كىشىنى ئېسەنگىرىتىپ قويىدىغان ئەرباب. بۇ كىتابتا گەندى ئىلاھ ئەمەس، بەلكى بىر ئادەم سۈپىتىدە كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇلىدۇ، گەندىنىڭ ھىندىستاننىڭ مۇقەددەس قەھرىمانىغا ئايلىنىش جەريانىدىكى ئۇزاق روھىي ھالەت ئۆزگىرىشى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزىگە ھېس قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز تارىخىي شەخسلەرگە بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە باھا بېرىشىمىز لازىم. گەندى قوللانغان «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق» فاڭجېنىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاجىزلىق تەرىپى بار، بۇ ئۇنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمىگە بولغان خام خىيالىدا، شۇنداقلا ئەخلاقنىڭ چاقىرىق كۈچىنى تەكىتلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

كەڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى گەندىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنى چۈشىنىش داۋامىدا، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مىللىي ئازادلىق يولىدا بوشاشماي كۈرەش قىلغانلىقىنى كۆرۈشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ

قوللانغان ۋاستىسى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي چەكلىمىلىكىنى تولۇق تونۇشى لازىم.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش ............1
ئىككىنچى باب ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇش ..........11
ئۈچىنچى باب جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئادۋوكات ......24
تۆتىنچى باب ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ....32
بەشىنچى باب يېشىل تاشلىق كىتاب ..............37
ئالتىنچى باب جەنۇبىي ئافرىقىدا كۈرەش قىلىش ..............................40
يەتتىنچى باب بولاماجايا ..............................46
سەككىزىنچى باب زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ...49
توققۇزىنچى باب سۈيىقەست ..............................53
ئونىنچى باب جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاخىرقى كۈنلەر ..............................57
ئون بىرىنچى باب ھىندىستانغا قايتىش ................64
ئون ئىككىنچى باب ئىمپېرىيىگە سادىق بولۇش .........69
ئون ئۈچىنچى باب مۇھەببەتنى زورلۇق كۈچنىڭ ئورنىغا قويۇش ....................73
ئون تۆتىنچى باب مۇقەددەس قەھرىمانىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ..............................78
ئون بەشىنچى باب مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش .......83
ئون ئالتىنچى باب «سىلەر كېتىڭلار» ....................87
ئون يەتتىنچى باب دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشى ............93
ئون سەككىزىنچى باب ئالەمدىكى دوزاخ ....................97

ئون توققۇزىنچى باب ئۆزى يالغۇز مېڭىۋېرىش ............101
يىگىرمىنچى باب ئاخىرقى قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلىش ..............................110
يىگىرمە بىرىنچى باب مۇقەددەس قەھرىمانىنىڭ ئۆلۈمى ...115
يىگىرمە ئىككىنچى باب خوشلىشىش ..........................122
يىگىرمە ئۈچىنچى باب خاتىمە ..............................130
گەندى يىلنامىسى ....................132

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىر ئادرېسى

# بىرىنچى باب ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش

1869 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى موھانداس كارامچانىد گەندى ھىندىستاننىڭ بورباندار دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلدى. سولاسترا دەپ ئاتىلىدىغان تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى بۇ يېرىم ئارال، نەچچە ئەسىردىن بۇيان توختىماي يۈز بېرىپ كەلگەن داۋالغۇش ۋە ئۇرۇشلار جەريانىدا، ھىندىستان تارىخىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلىرىنىڭ سەھنىسىگە ئايلانغانىدى.

گەندىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ۋە ياڭراق يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەر ئۇنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ھىندىستاننىڭ تارىخىنى ئۆزگەرتىپ يازىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

گەندى جەمەتى ۋايسىيا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىسىگە مەنسۇپ ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، چوڭ بوۋىسى ئۇششاق تىجارەتچى بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا بېيىغانىكەن. گەندىنىڭ بوۋىسى بورباندارنىڭ دىۋانبېگى (شتاتلىق ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرى) بولغان، ئۇ قەيسەر، پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان كىشى بولغاچقا، نائىب ئايال پادىشاھنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ، بورباندىردىن جۇناگادقا كېتىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ مۇسۇلمان ناۋابۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سالام بەرگەن چاغدا، جىددىيلىشىپ كېتىپ خاتا ھالدا ناۋابۇغا سول قولىنى كۆتۈرۈپ سالام بېرىپ قويغان، لېكىن ئۇ سەگەكلىك بىلەن، ئوڭ قولۇمدا بورباندارغا سادىق بولىمەن، دەپ قەسەم بەرگەنىدىم دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ناۋابۇنىڭ ماختىشىغا ۋە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن.

گەندىنىڭ دادىسى كېيىنكى كۈنلەردە بوۋىسىنىڭ كەسپىگە

ۋارىسلىق قىلىپ، بورباندارنىڭ دىۋانبېگى بولغان. ئۇ سادىق، باتۇر، سەممىمىي، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ھەم پاك ئادەم ئىدى، گەرچە ئۇ مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ تۇرمۇش ۋە خىزمەت داۋامىدىكى نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان. گەندىنىڭ دادىسى مەلۇم دەرىجىدە ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، 40 ياشقا بارغۇچە تۆت قېتىم ئۆيلەنگەن.

گەندىنىڭ ئانىسى گەندى ئىنچىكىل ھۆرمەت قىلىدىغان مەزلۇم ئىدى، ياخشى ئايال، پەزىلەتلىك ئانىلارنىڭ بارلىق ئېسىل پەزىلەتلىرى ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەنىدى، ئۇ يەنە تەقۋادار ئايال بولۇپ، پەرھىز ۋە ئىبادەت قىلىشتا ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىدى. گەندىنىڭ نەزىرىدە ئانىسى پاكلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە، گەندى ئۆزىنىڭ كاتىپى ماخېنۇۋ دىسسىرغا مۇنداق دېگەن: «ناۋادا سىز مەندە بىرەر گۈزەل ئەخلاقنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلغان بولسىڭىز، ئۇ ماڭا دادامدىن ئەمەس، ئانامدىن قالغان ... ئۇنىڭ مېنىڭ ئېڭىمدە قالدۇرغان نەرسىسى ـــ پاكلىق.»

گەندى ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى بوربانداردا ئۆتكۈزدى، باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ شۇ يەردە ئوقۇدى. ئۇ تارتىنچاق بولغاچقا، ئۇستازلىرىغا ۋە ساۋاقداشلىرىغا گەپ قىلىشقىمۇ قىزىرىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كىتاب بىلەن دەرسنى ئۆزىگە ئەڭ سىرداش دوست تۇتۇشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى، مەكتەپتىن قويۇپ بېرىلگەن ھامان تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆيىگە چاپاتتى. چۈنكى ئۇ باشقىلار بىلەن سالاملىشىشتىن قورقاتتى، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى مازاق قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

گەندى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئۇنىڭ جاھىل، ئوماق مىجەزىنى ئاشكارىلىدى. مائارىپ مۇپەتتىشىنىڭ مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرۈشى ئۈچۈن

مەكتەپ مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرغان بىر ئىمتىھاندا ئوقۇتقۇچى گەندىنىڭ «قازان» دېگەن خەتنى خاتا يېزىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن گەندىنى چاندۇرماي بىرنى تېپىپ، يېنىدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشىنىڭ جاۋابىنى كۆچۈرە دېگەننى ئىشارەت قىلىدۇ. بىراق، گەندى جاھىللىق بىلەن ئوقۇتقۇچى مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ باشقا ساۋاقداشلارنىڭ كۆچۈرۈشىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى قوبۇل قىلماي، «دۆت» دەپ ئەيىبلىنىدۇ. گەندى ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىغا: «مەن ‹كۆچۈرۈش› سەنئىتىنى مەڭگۈ ئۆگىنەلمەيمەن». دەپ يازىدۇ.

گەندىنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كىتاب ئوقۇيدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇ ئوقۇغان چەكلىك كىتابلار ئىچىدە سىرۋاناننىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادارلىق قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن سەھنە ئەسىرى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. بىر قېتىم ئۇ قونچاق ئويۇنى كۆرۈۋېتىپ، ۋەقەلىكتىكى سىرۋاناننىڭ ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىنى ھاپاش قىلىپ ھەج تاۋاپ قىلدۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈشتىن ھاياجانلىنىپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالىدۇ. سىرۋاننا ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەسرەتلىنىپ قاتتىق يىغان چېكىدۇ. بۇ كۆرۈنۈش كىچىك گەندىنى تېخىمۇ قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇ دادىسى ئۆزىگە ئېلىپ بەرگەن ئاككوردىيون بىلەن بۇ قايغۇلۇق ناخشىنى كۆپ قېتىم چالىدۇ، چېلىپ بولۇپ چاندۇرماي يىغلايدۇ.

گەندى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئەخلاقتىمۇ، ئوقۇشتىمۇ ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى. مەكتەپ ھەر يىلى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەۋەتكەن نەتىجە ۋە ئەخلاق كۆرسەتكۈچىدە، گەندىنىڭ ھەمىشە ياخشى باھاغا ئېرىشكەنلىكى كۆرسىتىلەتتى. 5 ـ ۋە 6 ـ يىللىقتا چىققاندا، ئۇ تۆت رۇپىيە ۋە 10 رۇپىيىلىك ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشكەن.

گەندى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، ئۆزىنى ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك دەپ قارىغان ياكى ئوقۇتقۇچىسى ئەيىبلىگەن چاغلاردا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولاتتى. بىر قېتىم ئۇ مەلۇم بىر خاتالىق تۈپەيلىدىن تەن جازاسىغا ئۇچراپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭچە، تەن جازاسى ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئەڭ يامىنى باشقىلارنىڭ، خوپ بوپتۇ، دېيىشى ئىدى.

گەندى دوست تۇتۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ ماتاب ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان دوستى بار ئىدى. گەندى باشقىلار بىلەن ئىسلاھاتچى بولۇش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسىدا دوستلۇق ئورناتاتتى. بۇ ئىدىيە كېيىن بۇ ئۇلۇغ ئەربابنىڭ ئاساسىي پەزىلىتىنى شەكىللەندۈردى.

ماتاب تەمبەل، باتۇر ھەم قورقماس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز ئىدى، ئېگىزگە ۋە يىراققا سەكرەشكىمۇ ماھىر ئىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ تەن جازاسىغا ئۇچرىغاندا، جازا قانچە ئېغىر بولسىمۇ ئۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمايتتى. ئۇنىڭغا قارىغاندا، گەندى ۋىجىك ھەم قورقۇنچاق ئىدى، ئوغرىدىن، جىندىن، يىلاندىن، قاراڭغۇ جايدا يالغۇز ئۇخلاشتىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاجايىپ جاسارەتلىك بۇ دوستىغا قىزىقىپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

ماتاب گۆش يەيتتى، گەندىگىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇش توغرىسىدا گەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئىنگلىزلارنىڭ ھىندىلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلالىشى ئۇلارنىڭ گۆش يېگەنلىكىدىن ئىدى. ئەينى چاغدا گەندىنىڭ ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا گۇجراتلىق شائىر نامادنىڭ: «ئىنگلىزلار شۇنچە قاۋۇل، ھىندىلار نېمىدېگەن ۋىجىك، گۆش يېگەنلەر بولۇر ھۆكۈمران، بەستلىك ھەم قامەتلىك كېلۇر» دېگەن بىر كۇپلېت شېئىرى كەڭ تارقالغانىدى. بۇنىڭدىن

گەندى: «گۆش يېسەم ساغلام ۋە كۈچلۈك بولغۇدەكمەن؛ ئەگەر پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىردەك گۆش يەيدىغان بولسا، ئىنگلىزلارنى يوقاتقىلى بولىدىكەن» دەپ ئويلىغان.

لېكىن، گۆش يېيىش گۆشسىز تاماق يەيدىغان ئائىلىدىن كېلىپ چىققان گەندى ئۈچۈن ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ غەيرەتكە كېلىپ بىر پارچە ئۆچكە گۆشىنى زورلاپ يېگەن چاغدا، خۇددى شام چاينىغاندەك بولدى. كەچتە ئۇخلىغاندا: «قورسىقىمدا تىرىك بىر ئۆچكە ئەلەملىك ئىڭراۋاتقاندەك قىلىدۇ» دېگەندەك ھېسسىياتتا بولدى. ھەر قېتىم گۆش يېيىشتىن ئىلگىرى، گەندى ئاتا ـ ئانىسىغا يالغان سۆزلەيتتى، بۇ ئىش كىچىككىنە گەندىگە ئېغىر روھىي يۈك بولدى، شۇنداقلا ئۇنى گۆش يېيىشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئۆزىگە مۇنداق دېدى: «گۆش يېيىش زۆرۈر، مەملىكەت ئىچىدە يېمەك ـ ئىچمەك ‹ئىسلاھاتى› ئېلىپ بېرىشمۇ زۆرۈر، ئەمما ئاتا ـ ئانامنى ئالداپ ئۇلارغا يالغان سۆزلەش گۆش يېگەندىنمۇ يامان. شۇڭا ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ھەرگىز گۆش يېمەيمەن. ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەركىنلىك ئۆزۈمدە بولىدۇ، ئۇ چاغدا گۆشنى ئاشكارا يەۋېرىمەن، شۇ چاغقىچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم كېرەك.»

شۇ كۈنلەردە، گەندى بىلەن ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى تاماكىغا ئۆگىنىپ قالدى. ئۇلار تاماكىنىڭ پۇرىقىنىڭ قانچىلىك مەززىلىكلىكىگە ئەمەس، پەقەت ئىسنى شوراپ چىقارغان چاغدىكى ھالەتكە ئىنتايىن قىزىقاتتى. ئۇلار «چاكارلارنىڭ كېيىملىرىدىكى مىس تۇگمىلەرنى ئوغرىلاپ تاماكىغا تېگىشىپ چەكتى.» ئەمما، بۇمۇ گەندىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلالمىدى. ئاخىر چوڭلارنىڭ رۇخسىتىسىز قىلىنغان ھەرقانداق ئىشقا چىداشلىق بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۇغقىنى ئىككىسىدە ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتەك بىمەنە خىيال پەيدا بولدى.

ئۇلار ئۇرمانلىقتىن بىرنەچچە تال زەھەرلىك گۈل تېرىۋېلىپ، كەچتە ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئىبادەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەردلەرچە ئۆلمەكچى بولدى. ئۇلار ئۈچ تال گۈل ئۇرۇقىنى يۇتۇشى بىلەنلا ياشاش ئىستىكى ئۆلۈۋېلىش جاسارىتى ئۈستىدىن غالىب كەلدى. بۇ «ئۇلۇغ ئىش»نىڭ بىردىنبىر ئىجابىي نەتىجىسى ئۇلارنىڭ تاماكا چېكىش ۋە ئوغرىلىق قىلىشتەك يامان ئادىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىش بولدى.

گەندىنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئېسىدىن چىقمايدىغان يەنە بىر خاتالىقى، ئۇ 15 ياشقا كىرگەن چاغدا، ئاكىسى ئۈچۈن قەرز قايتۇرۇش مەقسىتىدە، ئاكىسىنىڭ بىلەزۈكىدىن كىچىك بىر پارچە ئالتۇننى ئوغرىلىقچە چىقىرىۋېلىپ سېتىۋەتتى. قەرز قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل گۇناھكارلىق تۇيغۇسى ئۇنى باش كۆتۈرتمىدى. كېيىن ئۇ غەيرەتكە كېلىپ بىر پارچە تۆۋبىنامە يېزىپ دادىسىغا تاپشۇرۇپ. دادىسىدىن گۇناھىنى تىلىدى. كارىۋاتتا كېسەل ياتقان دادىسى تۆۋبىنامىنى ئوقۇپ بىرھازا گەپ قىلمىدى، مەرۋايىتتەك كۆز ياشلىرى كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ تۆۋبىنامىنى ھۆل قىلىۋەتتى، ئۇ ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن، تۆۋبىنامىنى يىرتىۋەتتى. كېيىن گەندى بۇلارنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «يامغۇردەك تۆكۈلگەن مېھرىبانلىق ياشلىرى مېنىڭ قەلبىمنى يۇدى، گۇناھىمنى يۇيۇۋەتتى... گۇناھىغا تونۇشلۇق قىلىش، يەنە كېلىپ مەڭگۈ قايتا گۇناھ سادىر قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بېرىش قوبۇل قىلىشقا ھوقۇقلۇق كىشىنىڭ ئالدىدا ئىزھار قىلىنسا، بۇ ئەڭ پاك بىر خىل توۋا قىلىش بولىدۇ.»

گەندى 13 ياشقا كىرگەندە، ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى كاستۇبى بىلەن توي قىلدى. بالدۇر توي قىلىش ئەينى چاغدىكى ھىندىستاندا ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە ئىدى، ئەمما گەندىنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ «كىچىك كۈيئوغۇل» بولۇپ قېلىشىدا،

تېخىمۇ كۆپرەكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سەۋەب ئاساس قىلىنغانىدى. گەندىلەر ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، چوڭ ئاكىسى بۇرۇنلا ئۆيلىنىپ بولغانىدى، چوڭلار بىر ئاز بولسىمۇ پۇل ـ مال تېجەپ قېلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى، بىر نەۋرە ئاكىسى ۋە گەندى ئۈچۈن كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. ھىندى مۇرىتلىرىنىڭ توي قىلىش شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەت تەييارلىغاندىن باشقا، توي مۇراسىمىدا ئايال مېھمانلار ناخشا ئېيتىپ، ۋارقىرىشىپ، قولۇم ـ قوشنىلارنى ئاۋارە قىلغانلىقى بىلەن پەقەتلا كارى بولمايدۇ. قولۇم ـ قوشنىلارمۇ بۇنى ئاڭلىماسلىققا سالىدۇ، چۈنكى ئۇلارمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق غەلۋە قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

توي قىلىش 13 ياشلىق گەندى ئۈچۈن ئېيتقاندا، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، داقا ـ دۇمباقلارنى چېلىپ يېڭى كېلىننى كۆچۈرۈپ كېلىش، مول زىياپەتكە قاتنىشىش ۋە ئىلگىرى پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان بىر كىچىك قىزچاق بىلەن ئويناشتىن ئىبارەت ئىدى. كىچىك كۈيئوغۇلنىڭ رولىنى ئېلىش ئېڭى ئۇنىڭدا كېيىنچە پەيدا بولدى.

شۇ كۈنلەردە، گەندى ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشتا تېجەشلىك بولۇش جەھەتتىكى مەزمۇنلار سۆزلەنگەن كىتابچىلاردىن بىرنەچچىنى ئوقۇدى. شۇنداقلا بۇ كىتابچىلاردىكى كۆزقاراشلارنىڭ تەسىرىدە. ئۆمۈر بويى ئايالىغا سادىق بولۇشنى ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى، دەپ قارىدى. ئۇ ئۆزىگە مۇشۇنداق تەلەپ قويدى، ئايالىدىنمۇ ئۆزىگە سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ئوي ئۇنىڭ كۈنداشلىق روھىي ھالىتىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ ئايالىنىڭ ھەرىكىتىنى ئېرىنمەستىن نازارەت قىلدى، ھەتتا ئۇنى ئىبادەتخانىلارغا بېرىشى ياكى دوستلىرىنى يوقلىشىنىمۇ چەكلىدى. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە كاستۇربىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايتتى، شۇ ۋەجىدىن بۇ كىچىك ئەر ـ خوتۇنلار

بەزىدە گەپ تالىشىپمۇ قالاتتى.

كاستۇبى ئىشچان، ساددا، تېجەشلىك، شۇنداقلا ئازراق تارتىنچاق قىز ئىدى. ئۇ ساۋاتسىز ئىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىدىن خىجىل بولۇپمۇ كەتمەيتتى، بۇ ئىش گەندىنىڭ بېشىنى بەك قاتۇراتتى. گەندى ئۆزىنىڭ ھارماي ـ تالماي ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى ئارقىلىق ئۇنى تەسىرلەندۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلىم ئۆگىنىش ئارزۇسىنى قوزغاشنى ئويلايتتى. لېكىن، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىللە كىتاب ئوقۇيدىغانغا تولۇق ۋاقتى چىقمايتتى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ھىندىستاندا ئۆزىگە خاس ھەم مەدەنىيەتسىز بولغان بىر خىل قىز ھۇجرىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇلار چوڭلارنىڭ ئالدىدا كۆرۈشەلمەيتتى، گەپلىشىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. بىرقانچە يىل ئۆتۈپ گەندىنىڭ ئۇنىڭغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا ۋاقتى ۋە زېھنىي قۇۋۋىتى يەتكەن چاغدا، ئېغىر ئىجتىمائىي پائالىيەت ئۇلارنىڭ يالغۇز بىللە تۇرىدىغان ۋاقتىنى تېخىمۇ ئازلىتىۋەتتى. نەتىجىدە، كاستۇبى پۈتۈن ئۆمرىدە پەقەت بىرقانچە ئاددىي گۇجرات يېزىقىنى تونۇپلا ئۆتۈپ كەتتى.

گەندىنىڭ ئۆيلەنگەن ۋاقتى ناھايىتى بالدۇر بولسىمۇ، لېكىن ھىندى دىنىدا ياش ئەر ـ خوتۇنلار ئۇزاققىچە بىللە تۇرمۇش كەچۈرسە بولمايتتى، ئايالنىڭ كۆپىنچە ۋاقتى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتۈشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىنكى بەش يىلدا (13 ياشتىن 18 ياشقىچە) بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋاقتى ئۈچ يىلغىمۇ يەتمىدى.

گەندى ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا مەكتەپتە ئوقۇدى. ئەينى ۋاقىتتىكى مەكتەپ مۇدىرى تەربىيىلەشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان ئادەم بولۇپ، تەنتەربىيە بىلەن كالتەك توپ دەرسىنى يۇقىرى يىللىق ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرسلەر قاتارىغا كىرگۈزگەنىدى. لېكىن، گەندى بۇ ئىككى دەرسنىڭ

ھېچقايسىسىنى ياقتۇرمايتتى. ئۇ جىمجىتلىقنى ياقتۇرىدىغان، ھەرىكەت قىلىشنى ياقتۇرمايدىغان بالا بولۇپ، ئەزەلدىن ھېچقانداق ھەرىكەتلەرگە قاتناشمايتتى. چۈنكى ئۇ بىر تەرەپتىن تۇغما تارتىنچاق ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ھەرىكەت بىلەن تەنتەربىيىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، دەيدىغان بىر خىل خاتا كۆزقاراش بار ئىدى.

گەندى ھەرىكەتنى ياخشى كۆرمەيتتى، لېكىن ئۇ كىتابتىن ئوچۇقچىلىقتا ئۇزاق ۋاقىت سەيلە قىلىپ يۈرۈشنىڭ سالامەتلىككە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن چاغدا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن بۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلدە كۆرسەتتى ھەمدە تەدرىجىي ھالدا پىيادە مېڭىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ بەدىنىنى چېنىقتۇردى.

گەندىنىڭ خېتى سەت ئىدى، چۈنكى ئۇ ئەينى چاغدا، خەتتاتلىق مائارىپنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، دەپ قارايتتى. كېيىن ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىپ ئۇ يەردىكى ئادۋوكاتلار ۋە تەربىيە كۆرگەن ياشلارنىڭ يازغان خەتلىرىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاندىن خىجىللىق ھېس قىلدى. ئۇ خېتىنى ياخشىلاشقا ئىنتىلگەن بولسىمۇ، ۋاقىت يار بەرمىدى. گەندى ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا مۇنداق دەيدۇ: «ھەربىر ياش ئوغۇل - قىزنىڭ مېنىڭ بۇ ئىشىمدىن ئىبرەت ئېلىپ، خەتتاتلىقنىڭمۇ مائارىپنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» ئۇ يەنە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا خەت يېزىشنى ئۆگىنىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىش، رەسىمگە قاراپ خەت تونۇشنى مەشىق قىلىش لازىملىقى، شۇنداق قىلغاندىلا خەتنى چىرايلىق يازغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

توي قىلىش بىر يىللىق ئوقۇش ۋاقتىنى ئارقىغا سۈرۈۋەتكەنلىكتىن، ئوقۇتقۇچى گەندىنى 3 - يىللىقنىڭ ئالدىنقى مەۋسۇمىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىۋاسىتە 4 -

يىللىقا كۆچۈشكە بۇيرۇدى. ھېلىمۇ ياخشى گەندى تىرىشچان ئوقۇغۇچى بولغاچقا بۇ شەرەپكە ئېرىشەلىدى. 4 ـ يىللىقا چىققاندىن كېيىن، كۆپ قىسىم دەرسلەر ئىنگلىز تىلىدا ئۆتۈلگەچكە، گەندىگە خېلى ئېغىر كەلدى. سانسكرىت يېزىقى تېخىمۇ كىشىنىڭ بېشىنى ئاغرىتاتتى. سانسكرىت يېزىقى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى ناھايىتى قاتتىق. پارس يېزىقى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى مۇلايىم بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئوبدان «چۈشىنەتتى»، شۇنىڭ بىلەن گەندى پارسچە سىنىپقا كىرىپ دەرس ئاڭلىدى. سانسكرىت يېزىقى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بۇنىڭدىن كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولۇپ، گەندىگە «سەن ئۆزۈڭنىڭ پېزىنو مۇرتىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ئۆز دىنىڭنىڭ يېزىقىنىمۇ ئۆگەنمەمسەن؟ قىيىنچىلىقىڭ بولسا، نېمە ئۈچۈن مېنى ئىزدىمەيسەن؟ مەن ئىمكانىيەتىمنىڭ بارىچە سىلەرنىڭ سانسكرىت يېزىقىڭلارنى ياخشى ئۆگىتىمەن. سەن ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرساڭلا، ئۇنىڭدا چەكسىز قىزىقارلىق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالىسەن.» دېدى.

سانسكرىت يېزىقى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆزىدىن گەندى ئىنتايىن خىجىل بولۇپ، ئاخىر يەنە سانسكرىت يېزىقى سىنىپىغا قايتىپ كەلدى، ئۆگىنىشتىمۇ ئىلگىرىكىدىن تىرىشىدىغان بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بولغاندىن كېيىنمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى سانسكرىت يېزىقى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن سەمىمىي تەلىمىدىن يەنىلا ئىنتايىن مىننەتدار بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇش

1887 ـ يىلى گەندى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى، مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ باۋناگار شتاتىدىكى بىر ئىنىستىتۇتقا قوبۇل قىلىندى. لېكىن، ئوقۇغۇچىلار پروفېسسورنىڭ دەرسىنى چۈشىنەلمىگەنلىكتىن، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن گەندى ئوقۇشتىن چېكىنىپ ئائىلىسىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

گەندىنىڭ بىر دوستى ئۇنىڭغا داداڭدەك ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولاي دېسەڭ، ئەنگلىيىگە بېرىپ قانۇن ئۆگىنىشىڭ كېرەك، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئادۋوكاتلىق قىلساڭ بولىدۇ، شۇنداق قىلساڭ دېۋانبېگىلىك ئورۇن ئۆز يولى بىلەن ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ، دەپ تەكلىپ بەردى.

لېكىن، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن خېلى كۆپ پۇل غەملەشكە توغرا كېلەتتى، بۇ ئىش ئائىلە ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولمىغان گەندىنى تەڭلىكتە قويىدى. ئۇ شۇ چاغدىكى ئىلمىي مۇدىردىن ياردەم سورىغۇدى، ئويلىمىغان يەردىن سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى، ئۇ تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ، ئۇمىددىن قىلچە ۋاز كەچمىدى، ھەتتا ئايالىنىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى سېتىپ 3000 رۇپىيە تەييارلىدى. ئۇنىڭ جاھىللىقى ئاكىسىنى تەسىرلەندۈردى، ئاخىر ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا يەتكۈدەك پۇل غەملىدى.

ھەممە تەييارلىق پۈتكەن بولسىمۇ، گەندىنىڭ ئانىسى قاتتىق تەشۋىشلەنمەكتە ئىدى، ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ دەريا ـ دېڭىزلارنى كېزىپ چەت ئەلگە چىقىشىنى خالىمايتتى. چۈنكى، بەزىلەر

ئۇنىڭ قولىقىغا، ياشلار ئەنگلىيىگە بارسىلا چىرىپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ، يەنە گۆش يەپ، ھاراق ئىچىپ ھىندى دىنى قائىدىلىرىنى بۇزىدۇ، دەپ پىچىرلاپ قويغانىدى. ئۇ گەندىدىن: «سەن بۇلارنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىغاندا، گەندى: «سىز ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ مەن ھەرگىز سىزگە يالغان گەپ قىلمايمەن. مەن مۇنداق ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم بېرىمەن.» دەپ جاۋاب بەردى.

گەندىنىڭ ئانىسى يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ساڭا ئىشىنىمەن، لېكىن سەن كىشىنىڭ يۇرتىغا كېتىۋاتىسەن، مېنىڭ كۆڭلۈم بەك پاراكەندە بولۇپ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن!» گەندى نائىلاج ھاراق ئىچمەيمەن، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلمەيمەن، گۆش يېمەيمەن، دەپ قەسەم قىلىپ ئانىسىنى ماقۇل قىلدى.

ئەينى چاغدا، ئۇ يەنە بىر ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىدى. ئۇ تەئەللۇق بولغان سىنىپ ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىشى توغرىسىدا خىلمۇخىل گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشتى. ئەنئەنىۋى دىنىي قائىدە بويىچە ئۆز تەبىقىسىدىن بولغانلارنىڭ يىراق دېڭىز سەپىرى قىلىشىغا، ياۋروپالىقلار بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكتە بىللە بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. گەندى بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئەنگلىيىگە بېرىشنى دىنىمىزغا خىلاپلىق قىلغانلىق، دەپ قارىمايمەن. مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشتىكى مەقسىتىم بىلىم ئېلىش. مەن ئۆز قەسىمىمنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.»

گەندىنىڭ پوزىتسىيىسى ئۇرۇق ئاقساقىلىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى، ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ گەندىنى تەبىقىسىدىن مەھرۇم قىلدى ھەمدە ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇنى ئۇزىتىشىنى مەنئى قىلدى. لېكىن، بۇ گەندىنىڭ چەت ئەلگە چىقىش ئىرادىسىنى توسۇپ قالالمىدى. ئۇ بومبايدىن ناھايىتى تېز لا ئايرىلىپ، 1888 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پاراخوتقا چىقىپ

جەنۇبىي ھامپتونغا يۇرۇپ كەتتى.

گەندىنىڭ پاراخوتتا بېشى قايمىسىمۇ، لېكىن بىر ئاز قورۇنۇپ قالغاندەك بولدى. چۈنكى، پاراخوتتىكى مېھمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىنگلىزلار بولۇپ، ئۇلار ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەشكەندە، گەندى ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى زادىلا ئۇقالمىدى. ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ھەققەتەن مۇمكىن بولمايدىغان سورۇنلارغا دۇچ كېلىپ قالغاندا، دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈۋېلىپ ئاندىن ئېغىز ئاچتى. پىچاق ـ ۋىلكىلارنى ئىشلىتىشنى بىلمىگەنلىكى، قورۇمىلار ئىزىملىكىدە قانداق گۆشسىز قورۇمىلارنىڭ بارلىقىنى ئېنىق سورىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، تاماقخانىغا بېرىپ تاماق يېيىشكە پېتىنالماي، ھەمىشە ياتىقىدا ئۆزى يالغۇز تاماق يېدى. چۈنكى، بۇ چاغدىكى گەندى يەنىلا بىر تارتىنچاق يىگىت ئىدى.

ئۇ پاراخوتتا بىر ئەنگلىيىلىك بىلەن دوست بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ گۆش يېمەيدىغان قىلىقى بۇ دوستىنىڭ دوستانە مەسخىرىسىگە ئۇچرىدى. ئۇ گەندىنىڭ يەنىلا پەرھىزنى بۇزۇشى، ئۇنداق قىلمىسا، ئەنگلىيىنىڭ سوغۇقىغا چىدىيالمايدىغانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى.

— ئاڭلىشىمچە، كىشىلەر گۆش يېمىسىمۇ ئۇ يەردە ياشىيالايدىكەن، — دېدى گەندى ئەستايىدىل ھالدا.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇنىڭ دوستى، — بىلىشىمچە، ئۇ يەردە گۆش يېمەيدىغان ئادەم يوق. مەن ھاراق ئىچىمەن، ئەمما سىزنى ھاراق ئىچىڭ دەۋاتقىنىم، يوققۇ، لېكىن سىزنى گۆش يېيىشى كېرەك دەپ قارايمەن، چۈنكى گۆش يېمىسە ياشىغىلى بولمايدۇ.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، لېكىن مەن ئانامغا گۆش يېمەيمەن، دەپ ۋەدە بەرگەن، شۇڭا گۆش يېيىشنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن. ئەگەر گۆش يېمىسە ياشىغىلى بولمايدىغان بولسا، ھىندىستانغا قايتىپ كەتسەم كېتىمەنكى، ئۇ يەردە

تۇرىمەن دەپ گۆش يېمەيمەن.

بىسكاي قولتۇقىغا يېتىپ بارغان چاغدا، گەندىدە قىلچىلىك گۆش يېيىش ئىستىكى بولمىدى. باشقىلار بىلەن بىر ئۈستەلدە تاماق يېگەندە ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، بەزىلەر گەندىگە گۆش يېمەيدىغانلىق گۇۋاھنامىسىدىن بىرنى تەييارلىۋېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. ئۇنىڭ ھېلىقى ئەنگلىيىلىك دوستى خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا گۆشسىز تاماق گۇۋاھنامىسىدىن بىرنى يېزىپ بەردى. گەندى گۇۋاھنامىنى قولىغا ئېلىپ خۇشاللىقىدا قىن قىنىغا پاتماي كەتتى.

پاراخوت ئاخىر جەنۇبىي ھامپتونغا يېتىپ باردى، گەندى ناھايىتى تېزلا مېخىردا دوختۇر بىلەن ئالاقىلەشتى. ئۇ گەندىنىڭ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى، گەپ ئارىلىقىدا، پاراشمايدىغان فلانېل كىيىۋاپسىز، دەپ كۈلۈپ قويدى. ئۇلار ئىككىسى پاراڭلىشىۋاتقان چاغدا، گەندى ئاڭسىز رەۋىشتە دوختۇرنىڭ شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئويلىمىغان يەردىن پەرھىزنى بۇزۇۋەتتى. بۇ ئىش ئۈچۈن، مېخىردا ئۇنىڭغا ياۋروپانىڭ قائىدە ـ يوسۇنى توغرىسىدىكى تۇنجى دەرسىنى ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ گەندىگە مۇنداق دېدى: «باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى تۇتماڭ؛ بىرىنچى قېتىم يۈز كۆرۈشكەندە، بىزنىڭ ھىندىستاندىكىدەك بىرمۇنچە سوئاللارنى سورىماڭ؛ يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلماڭ؛ باشقىلارغا گەپ قىلغاندا، بىزنىڭ ھىندىستاندىكىدەك ‹ئەپەندى› دېمەڭ، خىزمەتكارلار ۋە قول ئاستىدىكى كىشىلەرلا ئۆز خوجايىنلىرىنى مۇشۇنداق ئاتايدۇ».

گەندى بىرمۇنچە مۇشكۈلاتلاردىن كېيىن بىر شەخسنىڭ ئۆيىنى تېپىپ ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى، گەرچە ئۆي ئىجارىسى ئاران ئۈچ فوند ستېرلىڭ بولسىمۇ، ھىندىستانلىق يىگىتچە ئوقۇغۇچى بۇنىڭغا چىقىش قىلالمىدى.

لوندونغا يېڭى كەلگەن مەزگىللەردە، گەندى ئىنتايىن غېرىبلىق ۋە بىئەپ ھېس قىلدى. ئۇ ھەمىشە ئۆيىنى، ۋەتىنىنى

سېغىناتتى، ئىچ پۇشۇقىنى باشقىلارغا ئېيتىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ناتونۇش، ئەنگلىيىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى تېخى پىششىق بىلمەيتتى، يەيدىغان قورۇما - تاماقلارمۇ ئۇنىڭغا تېتىمىدى. لېكىن، بىر ناتونۇش دۆلەتتە قانچە كۆپ قىيىنچىلىق بولسىمۇ، گەندى يەنىلا لېۋىنى چىشلەپ بەرداشلىق بەردى، ئۈچ يىل بەرداشلىق بېرىپ، ئوقۇشنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىش ئىرادىسىگە كەلدى.

تۇرىدىغان يەر ھەل بولدى، مۇنتىزىم ئوقۇش تۇرمۇشى تېخى باشلانمىغانىدى. ئۇ ئىلگىرى ھىندىستاندىكى چاغلىرىدا، پەقەتلا گېزىت ئوقۇمايتتى، لېكىن ئەنگلىيىگە كېلىپلا ناھايىتى تېزلا گېزىت ئوقۇيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالدى. ئۇ ھەر كۈنى بىرەر سائەتچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، «كۈندىلىك خەۋەرلەر»، «كۈندىلىك تېلېگرامما خەۋەرلىرى» ۋە «پائۇل مار ئاخباراتى»نى كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، شۇنىڭ بىلەن يەنە نۇرغۇن ئىشلاردا كۆزى ئېچىلدى.

بىر قېتىم ئۇ سىرتتا سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، تاسادىپىي ھالدا بىر گۆشسىز تاماق ئاشخانىسىنى كۆرۈپ قالدى، بۇ بايقاش ئۇنى بەكلا خۇشال قىلىۋەتتى. گەندى كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئىشنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدى: «بۇ بايقاش مېنى خۇددى كىچىك بالا ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىسىگە ئېرىشكەندەك ئوخشاش خۇشال قىلدى.» ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئىزدەپ تاپالمىغان بۇ ئاشخانىغا ئۇدۇل كىرىپ، تويغۇچە غىزالاندى. بۇ ئۇنىڭ ئەنگلىيىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئەڭ رازى بولغان تامىقى ئىدى.

ئۇ يەنە خېنرى سالتېرنىڭ «گۆشسىز تاماق نەزەرىيىسى» دېگەن كىتابىدىن بىرنى سېتىۋالدى، ئۇ كىتابنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، تېخىمۇ گۆشسىز تاماق يېگۈچىگە ئايلاندى. ئۇ كىتابتىكى نۇقتىئىنەزەرلەرگە تامامەن قوشۇلاتتى. كېيىن ئۇ ئۇچرىغانلا يەردە گۆشسىز تاماققا دائىر كىتابلارنى يىغدى ۋە ھەممىسىنى ئوقۇدى، بۇنىڭ ئىچىدە خوۋارد

ۋىلىيامسىنىڭ «يېمەك ـ ئىچمەك ئېتىكىسى» دېگەن كىتابى بار ئىدى، بۇ «قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىنسانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى تارىخى» تەسۋىرلەنگەن كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى دانىشمەنلەردىن پىتاگوراس، ئىيسا پەيغەمبەرلەردىن تارتىپ ھازىرقى زاماندىكى بارلىق پەيلاسوپ ۋە ئالدىن بىلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەنىدى. دوختۇر ئاننا كىنىسق يازغان «يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ياخشى رېتسىپى» دېگەن كىتابمۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق كىتاب ئىدى. مۇشۇ كىتابلارنىڭ تەسىرى بىلەن، گەندى يېمەك ـ ئىچمەك تەجرىبىسى ئىشلەشكە باشلىدى، بۇنىڭدا ئەسلىدە سالامەتلىك كۆزدە تۇتۇلغانىدى، كېيىن بۇ بىر خىل دىنىي مۇددىئاغا تەرەققىي قىلدى.

گەندىنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ گۆشسىز يېمەكلىك نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىدىن ۋە ئۆزى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىر ئادەم ئەگەر زادىلا گۆش يېمىسە، سالامەتلىكىنى تۇگەشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئەنگلىيە جەمئىيىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇشىمۇ تەس ئىدى. بىراق، گەندىنىڭ گۆش يېمەسلىك ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس ئىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ بىر دوستى ئۇنى مول زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى، گەندى بۇ زىياپەتتە ئاساسلىقى گۆش يېيىلىدىغانلىقىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ۋىلكىنى مىدىرلىتىپمۇ قويماي، توپتوغرا بىر كېچىنى ئاچ قورساق ئۆتكۈزدى.

ئۆزىنى ئەنگلىيە جەمئىيىتى بىلەن تېزرەك بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، گەندى گەرچە گۆشسىز تاماق يېسىمۇ، لېكىن كىشىنى بىزار قىلمايدىغان ئادەم بولۇش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ قۇرۇقلۇق ھاۋا ئارمىيە ماگىزىنىغا بېرىپ يېڭى كىيىم، 19 شىللىڭ خەجلەپ بىر دانە شلەپە، يەنە 10 فوند ستېرلىڭ خەجلەپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىرقۇر كەچلىك مۇراسىم كىيىمى سېتىۋالدى، قولىغا ئالتۇن سائەت تاقىدى. بىرقۇر كۆڭۈل قويۇپ ياسانغاندىن كېيىن، ئۇ بىر سۆلەتلىك ئەنگلىيە مۆتىۋەرىگە ئايلاندى. ھەر قېتىم شىلەپىسىنى كىيگەن ۋە ئالغان چاغدا، قولى بىلەن ناھايىتى تەبىئىي ھالدا چاچلىرىنى تاراپ قوياتتى. بەزى ئەدەپلىك ۋە مەدەنىي بولغان ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا ئۇ ئاجايىپ ئەدەپلىك بولۇپ كېتەتتى.

ئۇ تېزدىنلا تانسا، فرانسۇز تىلى ۋە نوتۇق سەنئىتىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ پۇتلىرى تانسىغا پەقەتلا كەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ پىئانىنونىڭ ئاھاڭىنى بىلمىگەچكە، قەدەملىرى ھەمىشە مۇزىكىغا ماسلىشالمايتتى. نوتۇق سەنئىتىگە بولغان قىزىقىشىمۇ كۆڭۈلدىن ـ كۆڭۈلگە سوۋۇشۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە مۇنداق دېدى: «مەن ئەنگلىيىدە بىر ئۆمۈر تۇرسام، نوتۇق سەنئىتىنى ئۆگىنىشىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ تانسا قانداقمۇ مېنى بىر مۆتىۋەرگە ئايلاندۇرالىسۇن؟ مەن دېگەن بىر ئوقۇغۇچى. شۇڭا، يەنىلا كىتاب ئوقۇشۇم لازىم. ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشىم كېرەك. ئەگەر مېنىڭ ئەخلاقىم مېنى بىر مۆتىۋەرگە ئايلاندۇرالىسا، ئۇ ھالدا ناھايىتى ياخشى بولغان بولاتتى. ئۇنداق بولمىغاندا، مەن بۇنداق ئارزۇدىن ۋاز كېچىمەن».

گەندى ئۆزىنىڭ گۆشسىز تاماق يېيىش تەجرىبىسىنى داۋاملاشتۇردى، گۆشسىز تاماق يېيىشكە دائىر ئەسەرلەرنى بارغانسېرى تويماي ئوقۇدى. ئۇ شۇنى بايقىدىكى، گۆشسىز تاماق يەيدىغان يازغۇچىلار گۆشسىز تاماقنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان پايدىسىنى دىنىي، پەننىي ۋە تېبىبىي جەھەتلەردىن ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ مۇھاكىمە قىلغان. گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر شۇنداق ھېسابلايدۇكى، ئادەمنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشى ئىككى ئوتتۇرىدا بىر خىل ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بولغانلىقىدا. ئالىي دەرىجىلىك

ھايۋانلار تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارنى قوغدىشى لازىم. كىشىلەرنىڭ يېيىش ــ ئىچىشى راھەت كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياشاش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەمەلىيەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆزەتكەندە، گۆشسىز تاماق پۇل تېجەيدۇ. گەندى گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەرنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تولىمۇ قوۋۋەتلىدى ھەمدە بىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئەنگلىيىدىكى بىر گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر جەمئىيىتىگە قاتنىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ جەمئىيەت ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدى.

گۆشسىز تاماق يېيىش ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيىدە تېخى ئادەت بولۇپ شەكىللەنمىگەندى. ئەگەر دەسلەپكى مەزگىلدە گەندى قايىل قىلىنغان گۆشسىز تاماق يېگۈچى دېيىلىدىغان بولسا، كېيىن ئۇ ئاكتىپ گۆشسىز تاماق يېگۈچىگە ئايلاندى. گەندى ئۆزى تۇرۇۋاتقان بېسۋاتەر رايونىدا بىر گۆشسىز تاماق كۇلۇبى قۇرۇشنى پىلانلىدى، «گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ باش مۇھەررىرى ئولدفيېلد دوكتور مۇدىرلىقنى، گەندى كاتىپلىقنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ كۇلۇبنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتى ئۇزاققا بارمىغان بولسىمۇ، ئەمما گەندى بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنىڭ بەزى تەجرىبىلىرىنى توپلىۋالدى.

ئەنگلىيىگە بېرىپ ئىككىنچى يىلى، گەندى ئىككى ئىلاھىيەتشۇناس بىلەن تونۇشۇپ قالدى، ئۇلار بىرلىكتە «بەگەۋەتگىتا» (ئىلاھقا مەدھىيە) نى ئوقۇدى. بۇ كىتابنىڭ گەندىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىدا مۇنداق مىسرالار بار ئىدى: «ئادەم ئەگەر ھېس قىلغان نەرسىلەرگە دىققەت قىلسا، ئۇنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ، ئازدۇرۇش ھەۋەسنى پەيدا قىلىدۇ، ھەۋەس ئۈمىد ئۈچقۇنىنى ياندۇرىدۇ، ئۈمىد ئۈچقۇنى ھەممىنى بىر ياققا قايرىپ

قويىدۇ، قاشالار بۇزۇلۇپ، شۆھرەتلەر ئۆچۈپ، ئاخىرىدا روھ قولدىن كېتىدۇ، تەن بىلەن روھ بىراقلا تۈگىشىدۇ.» بۇنىڭ گەندىگە بەرگەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولدى. ئارىدىن خېلى ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇ بۇنى يەنىلا كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى بىلىشىدىكى ئېسىل ئەسەر دەپ قارىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ئېدۋىن ئارنولدنىڭ بۇددا تۇرمۇشى بايان قىلىنغان ئەسىرى «ئاسىيا نۇرى»نى، براۋاسكى خانىمنىڭ «ئىلاھىيەتتىن باشلانغۇچ ساۋات» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇدى. گەندى يەنە «ئىنجىل»نى ئوقۇدى. ئۇ «تەۋرات»قا قىلچە قىزىقمايتتى، «ئىنجىل»نى بولسا قولىدىن چۈشۈرمەيتتى، بولۇپمۇ، «تاغدىكى پەند ـ نەسىھەتلەر»نىڭ ھەربىر جۈملىسى كىشىنىڭ قەلبىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى، «بەگە ۋەتگىتا» (ئىلاھقا مەدھىيە) دىن قېلىشمايتتى. گەندى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن زوقلىنىپ كەتتى.

گەندى بىر مەزگىل گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر جەمئىيىتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئۇ بۇ كومىتېتنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنلىرىغا قاتنىشىشنى قارار قىلدى، لېكىن تۇغما تارتىنچاقلىق ئۇنى ئېغىز ئاچۇرمىدى. يىغىن باشلىنىشى بىلەنلا ھەممەيلەن ئۆز پىكىرلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بېرىشتى. گەندى بولسا لام ـ جىم دېمەي ئولتۇراتتى، گەپ قىلغۇسى بولسىمۇ، لېكىن قانداق سۆز تاللاشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، باشقا ئەزالار سۆزگە ئۇستا ئىدى، بەزىدە ئۇ غەيرەتكە كېلىپ مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە پىكىر قىلماي دېگەن چاغدا، كۆپچىلىك يەنە باشقا مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا ئۆتۈپ كېتەتتى.

گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر جەمئىيىتىنىڭ بىر قېتىملىق مۇدىرىيەت يىغىنىدا، گەندى ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەينى ۋاقىتتىكى گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى بولغان دوختۇر ئالىنسون

ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى تەشۋىق قىلىش توغرىسىدا بىر تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، كۆپ سانلىق ئەزالار بۇ تەكلىپكە قوشۇلسىمۇ، لېكىن گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى خىللىپس بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، دوختۇر ئالىنسوننى مەزكۇر جەمئىيەتتىن قوغلاپ چىقىرىش تەكلىپىنى بەردى. گەندى بۇنداق قىلىشنى توغرا تاپمىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، كىشىلەرنىڭ تۇغۇت چەكلەش ئۇسۇلى ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىغا زىت بولسىمۇ، لېكىن پىلانلىق تۇغۇتنى تەشەببۇس قىلىش گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەرنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا خىلاپ ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ ئالىنسون دوختۇرنى گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر جەمئىيىتىدىن قوغلاپ چىقىرىش مۇۋاپىق ئۇسۇل ئەمەس، دەپ قارىدى.

باشقا ئەزالارنىڭ ئويىمۇ گەندىنىڭكى بىلەن بىردەك ئىدى. گەندى ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوبدان ئىپادىلەش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. لېكىن، ھەرقانداق ئىپادىلىسىمۇ كۆپچىلىكنىڭ بەكلا بېشىنى قاتۇردى. ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئويىنى يېزىشقا مەجبۇر بولۇپ، بۇ قېتىمقى مۇھىم مۇدىرىيەت يىغىنىغا يازما ئورىگىنالىنى ئەكېلىپ قاتناشتى. شۇنداق بولسىمۇ، تارتىنچاق ۋە جىددىيلىك تۈپەيلىدىن ئوقۇشقا ئامالسىز قېلىپ، باشقىلارنى ئوقۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. ئالىنسون دوختۇر ئاخىرىدا گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر جەمئىيىتىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، گەندىمۇ بىرىنچى قېتىملىق ئېلىشىشتا ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭغا بىردىنبىر تەسەللى بولغىنى، ئۆزىنى ھەققانىي ئىش قىلدىم، دەپ ھېسابلايتتى.

ئۇنىڭ ئەنگلىيىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سۆزگە چىقىشى ئەنگلىيىدىن ئايرىلىپ ۋەتىنىگە قايتىش ھارپىسىدا بولدى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ يەنىلا كۇلكىگە قالدى. ئۇ كۈنى ئۇ گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر جەمئىيىتىگە قاتناشقان دوستلىرى

ئۇچۇن زىيابەت ئۆتكۈزگەنىدى، سۆز قىلىش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەن چاغدا، قىلىدىغان سۆزلىرىنى بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان بولسىمۇ، گېپىنىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى دەپلا ئىككىنچى جۈملىسىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ ئېدىسوننىڭ ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتاسىدا تۇنجى قېتىم سۆزگە چىققان چاغدىكى ئەھۋالىنى ئېسىگە ئالدى. ئېدىسون «مېنىڭ ئويلىشىمچە» دېگەن سۆزنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىغانىدى. شۇ چاغدا بىر ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ: «بۇ ئەپەندى ئۈچ قېتىم ئويلاندىيۇ، ھېچنېمىنى ئويلاپ تاپالمىدى» دەپ مازاق قىلغانىدى. گەندى ئەسلىدە مۇشۇ چاقچاقنى نەقىل كەلتۈرۈپ كەيپىياتنى جانلاندۇرماقچى بولغانىدى، لېكىن يەنىلا گەپ تاپالماي، ئاخىرىدا: «رەھمەت سىلەرگە، ئەپەندىلەر، سىلەرنىڭ تەكلىپىمنى ياخشى كۆڭۈل بىلەن قوبۇل قىلغانلىقىڭلارغا رەھمەت» دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

تۇغما تارتىنچاقلىق كېسەللى گەندىگە ئۇدا ھەمراھ بولۇپ كەلدى، كېيىنكى كۈنلەردە جەنۇبىي ئافرىقىغا بارغاندىن كېيىن بىرئاز تۈگىدى. گەندى ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا بۇ ئىش ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا، دېلىغۇل بولۇپ قالاتتىم، ئىمكانىيەت بولسىلا گەپ قىلماسلىققا باھانە تاپاتتىم. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ مەن يەنىلا دوستلىرىم بىلەن قۇرۇق گەپ قىلىشالمايمەن، ئۇنداق قىلىشنىمۇ خالىمايمەن»

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ تارتىنچاق مىجەزىگە نىسبەتەن بىر خىل مۇستەقىل قاراشتا ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل تۇغما تارتىنچاقلىقنىڭ تاسادىپىي كۈلكىگە قالغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا، قىلچە زىيىنى يوق ئىدى. گەپ قىلغاندا بىرمەھەل ئارىسالدى بولۇپ كىشىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇش ھازىر قارايدىغان بولساق بىر ھۇزۇر بولۇپ، ئۇنىڭ پايدىلىق يېرى ئۆزىدە تەبىئىي

ھالدا بىر خىل ئۆز ئىدىيىسىنى چەكلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرەتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆزۈمگە بىر پارچە گۇۋاھنامە تارقىتىپ، مېنىڭ تىلىم ياكى قەلىمىمنىڭ ئەتراپلىق ئويلانماي قالغان بىرەر ئېغىز سۆزنىمۇ ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ سۆزلىرىم ياكى ماقالىلىرىمدە مېنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىرەر جاينىڭ بارلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن. شۇڭا، مەن نۇرغۇن خاتالىقلاردىن خالىي بولدۇم، ۋاقىتنىمۇ ناھايىتى ئاز ئىسراپ قىلدىم.»

گەندىنىڭ ئەنگلىيىدە ئوقۇشتىكى مەقسىتى كەلگۈسىدە ئادۋوكات بولۇش ئىدى. چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى رەسمىي ئادۋوكات بولۇش ئۈچۈن، ئوقۇش مەۋسۇمىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي شەرتكە كاپالەتلىك قىلىشى شەرت ئىدى. ئوقۇش مەۋسۇمىنى ساقلاپ قېلىش دېگەنلىك «ئوقۇش مەۋسۇمىنى يەۋېتىش»، يەنى 12 ئوقۇش مەۋسۇمى (تەخمىنەن ئۈچ يىل)نى تاماملاش دېگەنلىك ئىدى، لېكىن ھەر مەۋسۇمدا ئاز دېگەندە تەخمىنەن 24 قېتىملىق زىياپەتنىڭ ئالتىسىگە قاتنىشىشى لازىم ئىدى.

دەسلەپتە، گەندى زىياپەتكە كۆپ قاتنىشىدىغان بۇنداق ئۇسۇل قانداق قىلىپ ئوقۇغۇچىنى لاياقەتلىك بىر ئادۋوكات قىلىپ چىقالايدۇ؟ دەپ چۈشەنمىگەنىدى. كېيىن ئۇ چۈشىنىپ يەتتىكى، بۇنداق زىياپەتلەرگە كۆپ ھاللاردا ئاز ساندىكى بىرقانچە ئوقۇغۇچىلارلا قاتنىشاتتى، ئۇلار بىر ئۈستەلدە ئولتۇرغان سوتچىلار بىلەن پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە تولۇق ئېرىشەتتى، بەزىدە بەزىلەر نۇتۇقمۇ سۆزلەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭدىن ياخشى ھەم ئىجتىمائىي ئالاقە بىلىملىرىگە ئىگە بولالايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۆزلىرىنىڭ مۇنازىرە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرەتتى. بۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئاساسىي ماھارەت بىر لاياقەتلىك ئادۋوكاتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كەم بولسا بولمايتتى.

ئىمتىھان ئېلىنىدىغان پەنلەر ئىككى ئىدى: بىرى رىم قانۇنى، يەنە بىرى ئادەتتىكى قانۇن. ئۇ چاغدىكى ئىمتىھان ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، كۆپ ئوقۇغۇچىلار بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، رىم قانۇنىدىن يازغان خاتىرىلىرىنى زەربىدارلىق بىلەن تەكرار قىلسىلا، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولالايتتى. ئىككى - ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئادەتتىكى قانۇندىن يازغان خاتىرىلىرىنى تەكرار قىلسا، يەنىلا ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتەتتى. ئىمتىھان قەغىزى ناھايىتى ئوڭاي، ئىمتىھان باشقۇرغۇچىمۇ كەڭ قورساق ئادەم ئىدى، رىم قانۇنىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 95 پىرسەنتتىن 99 پىرسەنتكىچە بولاتتى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ قوبۇل قىلىنىش نىسبىتىمۇ 75 پىرسەنتكە يەتكەنىدى، شۇڭلاشقا ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانغا پەرۋا قىلمايتتى.

لېكىن، گەندى ئىمتىھان ئاددىي دەپ ئۆگىنىشنى تاشلاپ قويمىدى. ئۇ بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ دەرسلىك كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، لاتىنچە رىم قانۇنىنى ئىجتىھات بىلەن ئوقۇدى. ئۇ يەنە توققۇز ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئەنگلىيە ئومۇمىي قانۇنىنى ئوقۇپ تۈگەتتى. بۇ خىل ئىنتىزارلىق بىلەن ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنى ئىنتايىن قايىل قىلدى.

جاپالىق ئۆگىنىش مول مېۋە بەردى. گەندى ئىمتىھاندىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، 1891 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشتى ھەمدە ئىككىنچى كۈنى ئالىي سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ، ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى. 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۆز ۋەتىنى ھىندىستانغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن، ياش گەندى يېپيېڭى ئادۋوكاتلىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ، دۆلىتىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

# ئۈچىنچى باب جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئادۋوكات

پاراخوت ھىندىستانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، گەندىنىڭ ئاكىسى پرېستانغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئائىلە بويىچە جەم بولۇش خۇشاللىقى ناھايىتى تېزلا يوقالدى. گەندى ئۆزى كىچىك – كۈندۈز سېغىنغان، چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغان ئانىسىنىڭ ئۇ لوندوندا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئەمدىلا ئۇققاندى. ئۇنىڭ ئاكىسى گەندىنىڭ كىشىنىڭ يۈرىكىدا تەنھا يورۇپ، بۇ قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، بۇ بەختسىزلىكنى ئۇنىڭغا ئېيتمىغانىدى.

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپلا گەندى قاتتىق ھەسرەت چەكتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ھەسرەتلىك ياشلىرىنى توختىتىۋېلىپ، قائىدە بويىچە پەرھىز تۇتتى. ئۇ ئانىسىغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىنى ئىچىگە يۇتۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىمىدى.

چۈنكى، ئۇ چەت ئەلگە چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى تەبىقە چوڭ ماجىرا قوزغىغانىدى، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا بىر توپ كىشىلەر رازى بولماي، گەندىنى تەبىقىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولۇۋاتاتتى. گەندىنىڭ ئاكىسى ۋەقەنى بېسىپ، كىشىلەرنى تىنجىتىش ئۈچۈن، ئۇنى ئالايىتەن ناسىك دەرياسىغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چەت ئەلگە چىققانلىقىغا توۋا قىلدۇردى، شۇنداقلا ئۆز تەبىقىسىدىكىلەرنى يىغىپ زىياپەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلىدى.

www.uyghurkitap.com

گەندى بۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمىسىمۇ، لېكىن ئاكىسىنى ھۆرمەت قىلىپ، بولۇپمۇ ئاكىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇشىغا ياردەم بەرگەنلىكىگە كۆڭلىدە مىننەتدار بولۇپ، ئاكىسىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلماي، ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلدى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ تەبىقە سالاھىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئۇنىڭ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىنكى بىرىنچى ئىشى ئائىلە تۇرمۇشىنى ياۋروپاچە ئىسلاھ قىلىش بولدى. ئالدى بىلەن بىرقانچە كەپسىز جىيەن ئوغۇللىرىنى كۆرسەتكۈچ تاياقنى قولىغا ئېلىپ ئۆزى باشقۇردى. ئۇلارغا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگەتكەندىن باشقا، ئاساسلىقى ئۇلارنى تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىپ چېنىقىشقا يېتەكلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلى ئاكىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

يەنە بىر ئىسلاھات يېمەك ـ ئىچمەكنى ياۋروپاچىلاشتۇرۇش بولدى. ئۇنىڭ ئاكىسى، گەندى چەت ئەلدە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاز ـ تولا ئىنگلىزلارنىڭ سالاپىتىنى ئاشكارىلاۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، ئائىلىدە چاي ۋە قەھۋە تەييارلاپ قويىدىغان بولدى، چىرايلىق فارفور قاچا ـ قۇچىلارمۇ ئادەتتىكى ئۆي سەرەمجانلىرى قاتارىدا ئىشلىتىلىدىغان بولدى. بۇ چاغدىكى گەندى ياۋروپاچە پۇزۇر كىيىنگەن بولۇپ، ئەنگلىيە مۆتىۋەرلىرىدەك سۆلەتلىك ئىدى.

لېكىن، «ئىسلاھات»نىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئائىلە خىراجىتىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. گەندى ئائىلىسىدىكىلەرنى بېقىشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى ئويلىمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كەسپىي ئادۋوكات بولۇشنى ئويلىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئەنگلىيىدە ئۆگەنگەن قانۇن بىلىملىرى ھىندىستاندا پەقەتلا ئاقمايتتى، ئۇنىڭ ھىندىستان قانۇنلىرى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز، قانۇن ساھەسىدە ئېلىشىش ئىقتىدارىمۇ كەم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ

دوستلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بومبايغا كېلىپ ئالىي سوت مەھكىمىسىدە ئاز ـ تولا تەجرىبە توپلاپ، ھىندىستان قانۇنلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بومبايدا تۇنجى ئادۋوكاتلىق ۋىۋىسكىسىنى ئاستى.

ئۇ ھىندىستان قانۇننى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىۋاتقان چاغدا، بىر دوستى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئاتاقلىق ئادۋوكات سېر فېروزېشانىڭ ئىقتىدارى ئۇنىڭ قانۇن بىلىملىرى جەھەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىدە. ئۇ گۇۋاھلىق بېرىش قانۇنىنى تولۇق يادلىيالايدۇ، يەنە تېخى 32 ـ ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دېلو مىساللىرىنى بىلىدۇ.»

دوستىنىڭ بۇ سۆزىدىن گەندى قاتتىق خىجىل بولۇپ، داۋاملىق ئادۋوكات بولۇش جاسارىتىنى ئاساسەن دېگۈدەك يوقاتتى. دەل مۇشۇنداق چاغدا ئۇ بىر دېلونى قوبۇل قىلدى.

گەندى جاۋابكارنىڭ ئاقلىغۇچىسى بولۇش سۈپىتىدە، ئەلۋەتتە جاۋابكارنىڭ گۇۋاھچىسىدىن سوئال سورىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، تۇغما تارتىنچاقلىق ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆلكىگە قويدى. «مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. لېكىن، قورققىنىمدىن يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. بېشىم قېيىپ، پۈتۈن سوت مەيدانى ئايلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، مەن سورايدىغان سوئال تاپالماي قالدىم.» گەندى ئاخىر ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، ۋاكالەتچىگە ئۆزىنىڭ بۇ دېلونى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئالغان ھەققىنىمۇ ھاۋالە قىلغۇچىغا قايتۇرۇپ بەردى.

گەندى ئەمدى سوتقا كىرىشنى خالىمايتتى، ئۇ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، كىرىمىنى تولۇقلاشنى ئويلىدى. ئۇنىڭ بىر ئىشقا تەكلىپ قىلىش ئېلانىغا كۆزى چۈشۈپ، خۇشال ھالدا ئۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشقا باردى، لېكىن ئۇ يەنە دەككىسىنى يېدى. مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك دىپلومىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئىنتايىن خىجىللىق بىلەن رەت قىلدى.

ئۇ بومبايدا ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، قىلچە نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ راجكوتقا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ كىشىلەرگە خەت ۋە ئەرز يېزىپ بېرىشتەك خىزمەتلەرنى قىلىپ، بىر ئاز كىرىمگە ئىگە بولدى. ئەمدىلا ئەنگلىيىدە ئوقۇپ قايتىپ كېلىپ كۆرەڭلەپ يۈرگەن گەندى ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئىش گۆھەرنى تاش ئورنىدا ئىشلەتكەنلىك ئىدى. خىزمەت، تۇرمۇشتىكى بىر قاتار كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ئۇنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ كەتتى.

دەل مۇشۇ چاغدا، پورباندارىدىكى بىر سودا سارىيى خوجايىنى ئۇنىڭ ئاكىسىغا خەت يېزىپ، گەندىنى جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتىغا ياردەملىشىپ 10 مىليونلۇق قەرزگە چېتىلىدىغان چوڭ بىر دېلونى بىر تەرەپ قىلىشقا تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى، تەمىناتىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى، ۋاقتىنىڭ بىر يىلدىن ئاشمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. گەندى بىرقۇر ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ قولدىن بەرگۈسىز ياخشى پۇرسەت بولۇپ، بۇ پۇرسەتتە ئۇ يېڭى بىر دۆلەتنى كۆرەتتى، بەزى يېڭى تەجرىبىلەرگە ئىگە بولاتتى.

ئۇ كەلگۈسىدە قانداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدىغانلىقىنى، تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭدا پەقەت ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ھىندىستاندىن تېزرەك كېتىپ، يېڭى تۇرمۇشنىڭ خىرىسىنى كۈتۈۋېلىش ئويىلا بار ئىدى.

بۇ قېتىم ئۆيدىن ئايرىلىپ جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىشتا، گەندى ئەينى يىللاردا ئۆزى يالغۇز ئەنگلىيىگە بارغاندىكىدىن تەجرىبىلىكرەك بولۇپ قالغانىدى، ئۇ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ، يول ھازىرلىقلىرىنى تەييارلاپ، راجكوتتىن ئايرىلىپ بومبايغا باردى.

بومبايغا بارغاندىن كېيىن، ئابدۇللا شىركىتىنىڭ

ۋاكالەتچىسى ئارقىلىق جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ناتالغا بارىدىغان پاراخوت بېلىتى سېتىۋالدى. بىرىنچى دەرىجىلىك بۆلمىنىڭ بېلىتى سېتىلىپ بولۇپ، ئادەتتىكى بۆلمىنىڭ بېلىتىلا قالغانىدى. گەندى، مەن دېگەن لوندوندىكى قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى ئېتىراپ قىلغان لاياقەتلىك ئادۋوكات تۇرسام، ئادەتتىكى بۆلۈمدە ئولتۇرسام ئابرۇيۇم بولمايدۇ، دەپ قاراپ، پاراخوتنىڭ باش ياردەمچىسىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى تونۇشتۇردى ھەم بىرىنچى دەرىجىلىك بۆلمىدىن بىر ئورۇن بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ غەرەز ئۇقمىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۆزىنىڭ بۆلمىسىدىن بىر ئورۇننى گەندىگە بەردى.

1893 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، پاراخوت جەنۇبىي ئافرىقىغا يېتىپ باردى.

پاراخوت ناتال پورتىغا بارغاندا، دەۋالاشقۇچى ئابدۇللا ئۆزى پرىستانغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. گەندى ئۇچىسىغا تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان فراك، بېشىغا ياغلىق ئارتىۋېلىپ بېنگاللىقلارغا ئوخشاپ قالغاچقا، بىرمۇنچە كىشىلەر ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىشاتتى.

ناتالدىكى «ئاق تەنلىكلەر» ــ ئىنگلىزلار بىلەن گوللاندىيىلىكلەرنىڭ سانى ئاز ئىدى، ئەمما ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىلىقلارنى ۋە ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنى ئىنتايىن كەمسىتەتتى. ھىندىستان مۇھاجىرلىرى 1860 ـ يىلى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن جەنۇبىي ئافرىقىغا سېتىۋېتىلگەن ياكى ئالداپ ئەكېلىنگەن بولۇپ، ئۇلار مۇستەملىكىچىلەر بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمگە ئاساسەن، بەش يىل ئىشلىسە ئەركىن ئاھالە بولالايتتى، ئەمما ئۇلار قۇل قىلىنىش ۋە كەمسىتىلىش ئورنىدىن يەنىلا قۇتۇلالمىغانىدى، ئاق تەنلىكلەر ئۇلارنى «مەدىكار» ياكى «ھاماقەت» دەپ كەمسىتەتتى. چۈنكى، ھىندىستان مۇھاجىرلىرى تىجارەت قىلىش، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە ئىقتىدارلىق بولغاچقا،

ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئورنىغا زور دەرىجىدە تەھدىت پەيدا قىلغانىدى.

خاتالغا بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى، ئابدۇللا گەندىنى دۇربان سوت مەھكىمىسىگە باشلاپ باردى. گەندى بۇ يەردە بىرىنچى قېتىم ھاقارەتلەندى. سوت مەھكىمىسىدە، باش سوتچى گەندىگە ناھايىتى ئەدەپسىزلىك بىلەن تىكىلىپ قارىدى، ئارقىدىنلا يەنە گەندىنىڭ ياغلىقىنى ئېلىۋېتىشىنى تەلەپ قىلدى، گەندى بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي باش سوتچىنىڭ بۇ يولسىز تەكلىپىنى رەت قىلىپ، سوت مەھكىمىسىدىن غەزەپ بىلەن چىقىپ كەتتى.

ئۇ بوش كەلمەي يەرلىك گېزىتخانىغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ سوتتا ھىندى باش ياغلىقىنى ئارتقانلىقىنى ئاقلىدى. گېزىت ساھەسىدە غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، گەرچە بەزىلەر ئۇنى قوللىسىمۇ، لېكىن گەندى يەنىلا «قارشى ئېلىنمايدىغان مېھمان» دەپ ئەيىبلەندى.

گەندى ناھايىتى جاھىل بولغاچقا، جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرغان مەزگىللەردە ھىندى باش ياغلىقىنى ھەمىشە دىگۈدەك ئارتىپ يۈردى.

ئۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن، دۇرباندىن پرېتورىيىگە پويىزدا كېتىۋېتىپ بىر ئىشقا يولۇقتى. گەندى بۇ قېتىمقى سەپەرنى پۈتۈن ئۆمرىدىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە كەچۈرمىش دەپ قاراپ: «بۇ قېتىمقى كەچۈرمىشىم مېنىڭ تۇرمۇش يولۇمنى ئۆزگەرتتى» دېدى.

پويىز پرېتورىيىگە كېتىۋاتقاندا، بىر ئاق تەنلىك يولۇچى گەندى بىلەن بىرىنچى دەرىجىلىك ياتاقلىق ۋاگوندا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بۇ ئاق تەنلىك «رەڭلىك ئىرقلار» بىلەن بىر ۋاگوندا تۇرۇشنى رەت قىلىدۇ ھەمدە قىلچە يۈز - خاتىر قىلماستىن گەندىگە يۈك - تاق ۋاگونىغا چىقىپ كەت، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. گەندى ئاق تەنلىك يولۇچىنىڭ ۋەھشىيانە تەلىپىنى رەت قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ

بىلتى بار ئىدى. كېيىن، تۆمۈريول ساقچىسى كېلىپ گەندىنىڭ يۇك ـ تاقىنى ئەكېتىدۇ ھەمدە گەندىنى زورلۇق بىلەن پويىزدىن چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

چەكسىز قاراڭغۇ كېچىدە، گەندى ئۆزى يالغۇز توڭلاپ تىترەپ يۈرۈپ، پويىز كۇتۇش ئۆيىدە ئازابلىق بىر كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا پويىز ئىستانسىسىنىڭ يۈك ـ تاق ساقلاش ئورنىغا بېرىپ، يۈك ـ تاقلىرىنى ئالغۇدەك جۈرئەت قالمايدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە گەندى ئۆزىنىڭ بۇ ئاھانەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق يازغان: «مەن ئۆزۈمنىڭ مەجبۇرىيىتىمنى ئويلاشقا باشلىدىم. مەن ئۆز ھوقۇقۇم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىم كېرەكمۇ ياكى بىراقلا ھىندىستانغا قايتىپ كېتەيمۇ، ياكى بۇ خورلۇقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، پرېتورىيىگە بېرىپ، بۇ دېلونى بېجىرىپ بولۇپ ئاندىن ھىندىستانغا قايتىشىم كېرەكمۇ؟ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ ھىندىستانغا قايتىپ بېرىش ئىرادىسىزلىكنىڭ ئىپادىسى، مېنىڭ ھازىرقى تارتقان ئازابىم يۈزەكى ھادىسە بولۇپ، ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ بىر خىل ئىپغىر كېسەللىكىدۇر. ئەگەر مۇمكىن بولىدىغان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن بەزى دەردلەرنى تارتسامىمۇ، ئامال قىلىپ بۇ كېسەلنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشىم لازىم. مەن تەلەپ قىلىدىغان ئادىللىق ئىرقىي بىر تەرەپلىمىلىكنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت، خالاس.»

تۈن قاراڭغۇسى ئاستا ـ ئاستا يوقىلىپ، تاڭ شەپىقى ئاسماننى قاپلىغان چاغدا، تۇغما تارتىنچاق، ۋىجدانلىق بۇ ياش ئادۋوكات ئۆمرىدىكى ئەڭ مۇھىم قارارنى چىقاردى. ئۇ بولسىمۇ ئىرقىي كەمسىتىشنى زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي تۈگىتىش ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى، ئۇ يەنە بىر قېتىملىق نۆۋەتچى پويىزغا ئولتۇرۇپ، پرېتورىيىگە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ زور بالايىئاپەت كەلدى. چارلىز بازىرىدىن جوھاننېسبۇرگقا بارىدىغان پەيتۇندا،

www.uyghurkitap.com

گەندى قېلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، پەيتۇننىڭ سىرتىدا ھارۋىكەش بىلەن قىستىلىشىپ بىللە ئولتۇردۇ. ئاق تەنلىك بىلەت ساتقۇچى بولسا (ئادەتتە «كاتتىۋاش» دەپ ئاتىلىدۇ) ئاق تەنلىكلەر بىلەن پەيتۇننىڭ ئىچىدە ئولتۇردۇ. پەيتۇن بادكۇۋغا بارغاندا، ئۇ «كاتتىۋاش» گەندىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چەكمەكچى بولۇپ، ئۇ ھارۋىكەشتىن بىر پارچە پاسكىنا كاناپنى ئېلىپ دەسسەش تاختىيىغا سېلىپ، گەندىنى شۇنىڭغا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. گەندى بۇنى رەت قىلىدۇ. «كاتتىۋاش» قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، گەندىنى تىللايدۇ ھەم قاتتىق ئۇرىدۇ، لېكىن گەندى ھارۋىنىڭ مىس تۇۋرۇكىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئورنىنىمۇ بوشىتىپ بەرمەيدۇ. يانىدا تۇرغان ئاق تەنلىك مېھمان ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، بۇ يولسىزلىق قىلمىشقا ئارىلىشىدۇ، «كاتتىۋاش» ئۆزىنىڭ يولسىزلىق قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ بىرقانچە ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن گەندىنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ئىدىيىسىنىڭ پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەر قېتىم ھاقارەتكە ئۇچرىغان، قىيىن ئەھۋالدا قالغان ياكى ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىغان چاغدا، ئۇ بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خېيىمخەتەرلەرنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، سەۋر قىلىش ۋە مېھىر ـ شەپقەتنى ئۆگىنىۋالغانىدى. نېھرو گەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەسلەپ مۇنداق دېگەن: «ھېچنېمىدىن قورقماسلىق ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل خىسلىتى. بۇ ئورۇق، ئاجىز ئادەم، تەن جازاسى ۋە روھىي بېسىملارنىڭ ھېچقايسىسىدىن قورقمايتتى. بۇ ئاجايىپ بىر روھ. ئۇنىڭ بۇ خىل قورقماس جاسارىتى باشقىلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ ھەم ئۇلاردىكى قورقۇنچلارنىمۇ يوقىتىۋەتتى.»

# تۆتىنچى باب ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش

گەندى پرېتورىيىدە ۋاكالەتچى بېك ئەپەندى ئارقىلىق ئىخلاسمەن خرىستىئان مۇرتى كوز بىلەن تونۇشتى ۋە ھەمىشە ئۇلارنىڭ مىسالىرىغا ۋە بەزى دىنىي مۇراسىملىرىغا قاتناشتى. كوز ئەپەندى گەندىگە قىزغىنلىق بىلەن بەزى دىنىي كىتابلارنى تونۇشتۇردى ۋە پرماۋس دىنىي قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىش توغرىسىدا گەپ قىلىپ: «ئەيسا ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان، ئۇنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشكەن كىشىنىڭ روھى ئارام تاپىدۇ» دېدى. لېكىن، ئېتىقادى كۈچلۈك گەندى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ئېزىقتۇرۇشلار كار قىلمايتتى. ئۇ كوزغا ئەستايىدىل ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن گۇناھ قىلىپ بولۇپ قايتا كەچۈرۈم سورىمايمەن، مەن گۇناھ ئۈستىدە ئويلىنىش داۋامىدا روھىمنى خاتىرجەم قىلىمەن.»

گەندى ئۇزاققا سوزۇلغان ھەقىقەت توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرى داۋامىدا ئەزەلدىن خاتىرجەم بولۇپ باقمىدى.

گەندى بۇ مەزگىلدە خرىستىئان دىنىنىڭ ئىنجىلىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى، ئەستايىدىل ۋە ئازابلىق پىكىر يۈرگۈزدى، بۇ ئۇنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئەيسانىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى ۋە قايتماس، چىقىشقاق ھەم ئەپۇچان مۇكەممەل ئوبرازىغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى.

لېكىن، گەندى يەنىلا باشقىلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۆز ئېتىقادىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە يەنە «ئىنجىل»نى ئوقۇپ پىكىر يۈرگۈزۈش داۋامىدا، مۇنداق يەكۈن چىقاردى: ھىندى دىنىدا يوق نەرسىلەرنى خرىستىئان دىنىدىكى «ئىنجىل»دىنمۇ

www.uyghurkitap.com

ئوخشاشلا تاپقىلى بولمايدىكەن. ئاچقۇچ شۇ يەردىكى، ھەرقانداق ئېتىقادنىڭ ئىچكى روھى ئوخشاش بولىدۇ، تاشقى شەكىل بولسا ئانچە مۇھىم ئەمەس، ھەتتا بىر خىل توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇ توسالغۇدىن ھالقىپ كېتىش ــ كېتەلمەسلىك بىر كىشىنىڭ ئېتىقادىغا بولغان ھەقىقىي سىناق.

گەندى دىنغا بولغان قىزىقىش ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتمىدى، ۋاكالەتچىسى تاپشۇرغان ئالدىراش ھەم جىددىي خىزمەتلەردە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى. ئۇ ۋاكالەتچىسى ئۈچۈن دەۋالىشىش جەريانىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپ، رەقىبىگە كېسىمنى قوبۇل قىلدۇرۇپ ۋاكالەتچىسىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى نۇرغۇن كېرەكلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئادۋوكات بولۇشى ئۈچۈن ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەمەلىي شەرتلەرنى ھازىرلىدى.

پرېتورىيىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، گەندى دۇربانغا قايتىپ ھىندىستانغا قايتىش تەييارلىقىنى قىلدى. ۋاكالەتچىسى ئۆزى ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن ئۇزىتىش زىياپىتىدە، ئۇنىڭ كۆزى توساتتىنلا بىر گېزىتنىڭ بۇلۇڭىدىكى «ھىندىلارنىڭ سايلىنىش ھوقۇقى» دېگەن سەرلەۋھىلىك بىر ئابزاس خەۋەرگە چۈشۈپ قالدى. خەۋەردە: ناتال پارلامېنتى بىر قانۇن لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتىدۇ، بۇ قانۇن لايىھىسىگە ئاساسەن، ناتالدا تۇرۇۋاتقان ھىندىستان پۇقرالىرى پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ، دېيىلگەنىدى.

گەندى بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ رەزىل نىيىتىنى دەرھال سەزگۈرلۈك بىلەن تونۇپ يەتتى، سورۇندىكى باشقا كىشىلەر بولسا يەنىلا بىپەرۋا يۈرەتتى. گەندى ئاددىي ھەم قەتئىي ھالدا سورۇندىكىلەرگە مۇنداق دېدى: «ئەگەر بۇ قانۇن لايىھىسى پارلامېنت تەرىپىدىن ماقۇللىنىپ، قانۇن بولۇپ شەكىللىنىدىغان بولسا، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. بۇ قانۇن

لايىھىسى بىزنىڭ جەسەت ساندۇقىمىزغا قىقىلغان بىرىنچى مىخ، ئۇ بىزنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىدۇ.» ئۇ كۆپچىلىككە ھەرىكەتكە كىلىپ قارشى تۇرۇش تەدبىرى قوللىنىشنى تەۋسىيە قىلدى. لېكىن، كۆپچىلىك ھېچقانداق ئامال تاپالماي قانداق قىلىشنى بىلەلمىدى. بۇ چاغدا، بىرى گەندىنىڭ بىر ئاي تۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىپ بىرىشنى تەلەپ قىلىش ھەمدە بارلىق مۇھاجىرلارنى قوللاشقا چاقىرىش تەكلىپىنى بەردى.

گەندى بۇ تەلەپنى رەت قىلالماي قىلىپ قىلىشقا ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆزىتىش زىياپىتى گەندىنى يادرو قىلغان، مىللىي غۇرۇرنى قوغداشنى نىشان قىلغان خىزمەت كومىتېتىغا ئايلاندى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا، گەندىنىڭ كۆڭلىگە مىللىي غۇرۇر ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئۇرۇقى پارتلىدى. بۇ كۈن گەندىنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر قىلدى دېيىشكە بولىدۇ. گەندى كۆڭۈل قويۇپ ھەرىكەت پروگراممىسى پىلانلىدى ۋە تۈزدى. ئىپتىدائىي شەكىلدىكى بۇ ھەرىكەت پروگراممىسى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ گەندىنىڭ ئۆمۈر بويى كۆپچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەرىكەت مىزانىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ھەرىكەت پىروگراممىسى ھىندىستاننىڭ تۇپتوغرا بىر ئەۋلاد خالىس ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلىرىنى ئىلھاملاندۇردى ۋە قوللىدى.

گەندى كۆپچىلىككە رەھبەرلىك قىلىپ، كېچىلەپ مۇراجىئەتنامە تەييارلاپ، زۇڭلىغا ۋە پارلامېنت باشلىقىغا تېلېگراممىا يوللىدى ھەمدە ئەنگلىيە دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرىگە يوللايدىغان يەنە بىر مۇراجىئەتنامە تەييارلىدى. قىسقىغىنا 15 كۈن ئىچىدە، ئۇ ئۆلكە بويىچە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللەپ، مۇراجىئەتنامىگە قول قويدۇردى، شۇنداقلا مۇراجىئەتنامىنى 1000 نۇسخا قىلىپ بىسىپ كەڭ كۆلەمدە تارقىتىپ، ھىندىستاندىكى يەرلىك خەلقنىڭ قوللىشىغا

ئېرىشتى. لوندوندا چىقىدىغان «تايمېس گېزىتى»مۇ ماقالە ئېلان قىلىپ، ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەققانىي تەلىپىنى قوللىدى. گەرچە ئۇلار نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن قانۇن لايىھىسى يەنىلا ماقۇللاندى.

ئەمما، گەندىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن ناتالدىكى ھىندىستان مۇھاجىرلىرى قانداقلا بولمىسۇن، دىنىي مەزھەپ ئايرىماي بىرىنچى قېتىم بىرلىشىپ، بىرىنچى قېتىم مىللىي غۇرۇرنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ھەممە كىشى بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشتى. گەندىنىڭ قايناق ھېسسىياتى بۇ تەشكىلاتقا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى ھەم ئۇلارغا قەتئىي ئېتىقاد ئەكەلدى. ئۇلار خۇددى بىر كىشىدەك ئىتتىپاقلاشتى.

گەندى بىر يىغىن چاقىردى ۋە يىغىندا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرى ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس ئېتىقادىغا كىشىلەر ئۇنىڭ يېقىندا ئاڭلىغۇچىلار ئالدىدا خىجىل بولۇپ گەپ قىلالماي قالغان ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئۇ بىر كېچىدىلا باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك ئىدى، ساددا، تارتىنچاق ياشتىن پىشقان، تەجرىبىلىك سىياسىيونغا ئايلانغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، گەندى ئىجتىمائىي پائالىيەت ھاياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا ئۆزىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە ئۆتكۈر ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن قورقماس قەتئىي ئېتىقادى، كۆپچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك يۇكسەك قىزغىنلىقى ۋە يۇقىرى تەشكىللەش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، يات يۇرتتا كۆپچىلىكنىڭ مىللىي غۇرۇر ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر داھىيغا ئايلاندى. كېيىنكى كۈنلەردە گەندى ئۆزىنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ، تەرجىمىھالىغا مۇنداق دەپ يازدى: «مەن دەل مۇشۇنداق خېيىمخەتەر ۋە غېرىبلىق ئىچىدە باتۇر بولۇپ ئۆزگەردىم، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ۋەھىمە ئىچىدە



www.uyghurkitap.com

تاۋلاندىم. مەن شۇنى بىلدىمكى، مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئېتىقادىمنى چىڭىتىپ ھەقىقەت ئىزدەيمەن. چۈنكى، ھەقىقەت ئالماستەك قاتتىق، گۈلدەك چىرايلىق.»

بىر ئاي ۋاقىت ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، گەندى پىلان بويىچە دۆلەتكە قايتىشقا كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇ چاغدىكى گەندى يەرلىك مۇھاجىرلارنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ قېلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. گەندىنىڭ باشقا ئامالى يوق ئىدى، نائىلاج قېلىشقا ماقۇل بولدى. ناتالدا ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ يەنە ئادۋوكاتلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كۈندىلىك خىراجىتىنى قامدىدى.

گەندى مۇراجىئەتنامە تارقىتىپ قويۇشنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، مۇستەملىكە دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرىدە تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىق قىلىش ۋە سەپەرۋەر قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوستلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەڭگۈلۈك بىر ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇشنى قارار قىلدى. گەندى بۇ يېڭى تەشكىلاتقا «ناتال ھىندىلار مەجلىسى» دەپ ئىسىم قويىدى ھەمدە بۇ مەجلىس ۋەتەندىكى ھىندىستان مىللىي مەجلىسىگە بېقىنىدۇ، دېدى. ئۇ مەجلىسنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى بويىچە مەجلىسنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، «ناتال ھىندىلار مەجلىسى» ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ زور كۈرەشنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بەشىنچى باب يېشىل تاشلىق كىتاب

گەندىنىڭ ناتالدا تۇرۇۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولۇپ قالدى، ئۇ بۇ يەردە ياخشى كەسپىي مۇناسىۋەت ئورنىتىۋالدى. يەنە كېلىپ، بۇ يەردىكى مۇھاجىرلار ئۇنىڭ بۇ يەردە قېلىپ قېلىشىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۆلىتىگە قايتىپ ئايالى بىلەن ئوغلىنى ئەكېلىۋېلىشنى قارار قىلدى ۋە دۆلىتىگە قايتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى دۆلىتىدىكى خەلققە ئېيتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغاشنىمۇ ئويلىدى.

1896 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گەندى دۇرباندىن كالكۇتتاغا بارىدىغان پاراخوتقا ئولتۇرۇپ دۆلىتىگە قايتتى.

سەپەر داۋامىدا، گەندى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ناتالنىڭ ۋەزىيىتىگە دائىر بىر كىچىك كىتابچە يېزىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى بايان قىلدى. ئۈيگە بېرىپلا گەندى ئۇنى نەشر قىلدۇردى. مۇقاۋىسى يېشىل رەڭدە بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكىلەر ئۇنى «يېشىل تاشلىق كىتاب» دەپ ئاتىدى.

«يېشىل تاشلىق كىتاب» بىرىنچى قېتىم 10 مىڭ نۇسخا بېسىلىپ، ھىندىستاندىكى ھەرقايسى گېزىتلەرگە ۋە ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ داھىيلىرىغا تارقىتىپ بېرىلدى. «يېشىل تاشلىق كىتاب» ھىندىستاننىڭ دۆلەت ئىچىدە كەڭ ئىنكاس قوزغاپ، ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا كەڭ تەشۋىق قىلىندى. گەندى كىتابتا ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەھۋالىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق، ھەقىقىي بايان قىلغان بولۇپ،

قىلچىمۇ دۈشمەنلىك ياكى مۇبالىغە يوق ئىدى. ئۇ بۇ كىتابتا ئۆزىنىڭ سىياسىي ئېتىقادىنىڭ تۈپ پرىنسىپىنى: «بىز جەنۇبىي ئافرىقىدا ئۆچمەنلىككە رەھىمدىللىق بىلەن قارايمىز » دەپ شەرھلىگەنىدى.

«پېشۋالار گېزىتى» ئالدى بىلەن بۇ كىتابچە توغرىسىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى. رۇتېر ئاگېنتلىقى باش ماقالىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى ئەنگلىيىگە تارقاتتى، ئاندىن يەنە لوندوندىكى باش ئاگېنتلىق ئارقىلىق تاللاپ ناتالغا تارقىتىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئەسلىي مەنىسى ئۆزگەرتىلگەن ۋە بۇرمىلانغان بۇ باش ماقالە ناتالدىكى ياۋروپالىقلارنىڭ خاتا چۈشەنچىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇلار ئۆزلىرىگە تۆھمەت قىلىندى، دەپ قارىدى، ئايرىم ياۋروپالىقلارنىڭ قەلبىدە ھەتتا ئۆچمەنلىك تۇغۇلدى.

گەندى دۆلىتىدە تۇرغان مەزگىلدە «يېشىل تاشلىق كىتاب»نى بېسىش ۋە تارقىتىش بىلەن ئالدىراش بولۇپلا قالماي، يەنە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولغان نۇرغۇن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتى، بومباي، پۇنا ۋە مادراس قاتارلىق جايلاردىكى ئاممىۋى يىغىلىشلاردا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ مۇشۇ چاغدىلا ئۆز غايىسىنىڭ خەلق ئاممىسى ئالدىدا پۇختا يىلتىز تارتالايدىغانلىقىنى، ئۆز تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىسپاتلىنىدىغانلىقىنى سەزدى.

ئالاھىدە نەزەر دائىرە، قەتئىي ئېتىقاد ۋە ئالىيجاناب غايىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە بىرلىشىشى گەندىنى دەسلەپكى قەدەمدە رەھبەرلىك قىلغۇچىغا خاس تالانتقا ئىگە قىلغانىدى.

شۇ كۈنلەردە ئۇ دۇرباندىن كەلگەن «تېز قايتىڭ» دېگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 10 ـ ئايدا ئايالى ۋە ئوغلىنى ئېلىپ، جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتىدىغان پاراخوتقا چىقتى.

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، رۇتېر ئاگېنتلىقى «يېشىل تاشلىق كىتاب» توغرىسىدا ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئۇزۇپ خەۋەر ئېلان

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىش ۋاستىسىنى قوللانغانلىقتىن، دورباندىكى ئاق تەنلىك ئاھالىلەرنىڭ خاتا چۈشىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇلار ناھايىتى غەزەپلەندى، بەزىلەر ھەتتا پىتنە ـ پاسات تېرىپ، قانداقتۇر گەندى بىر پاراخوتتا ئەكەلگەن ھىندىلار دورباندىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدۇ، دەپ جۆيلۈشتى. ئۇلار پاراخوتنى ئورنۇۋېلىپ، گەندى قىرغاقتا چىقىشىغىلا ئۇنى قاتتىق ئۇردى.

گەندىنىڭ زەربىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تېزدىن پۈتۈن جەنۇبىي ئافرىقىغا تارقىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئالاقىدار دائىرىلەر بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، گەندى ئەرز قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «جامائەتچىلىكنىڭ زوراۋانلارنى ئەيىبلىگەنلىكى مېنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنداقتا، مېنىڭ ئىشلىرىم ئۇچۇن ئېيتقاندا، مېنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىم ئاخىرقى ھېسابتا بىر بەختلىك ئىش بولغان بولىدۇ.»

بۇنىڭدىن زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدىيىسىنىڭ گەندىدە ئاساسەن شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

# ئالتىنچى باب جەنۇبىي ئافرىقىدا كۈرەش قىلىش

گەندى ناتالدا ئولتۇراقلاشقان مەزگىللەردە، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. گەرچە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ھىندىلار مەجلىسى ئۆزىنىڭ سىياسىي رولىنى ئاستا ـ ئاستا نامايان قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا بىر مۇنچە كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولالمىدى. گەندىنىڭ تۈز مىجەزى بويىچە ئۇ بۇ يېتەرسىزلىكلەرگە پىسەنت قىلمايتتى ۋە ئۇنى يوشۇرمايتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ھىندىلار مەجلىسىگە بولغان ئەيىبلەشلىرىنى تۈگىتىشكە تىرىشىپ كەلدى.

بۇ ئەيىبلەشلەر كۆپ ھاللاردا ھىندىلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ناھايىتى تەرتىپسىز، ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئىچى ـ تېشى ھەممىشە پاكىز ئەمەس دېگەنلەر ئىدى. گەندى ۋە مۇھاجىرلار ئۆمىكىدىكى بىرقانچە رەھبەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ئۆزى ئۈلگە بولدى ھەمدە كۆپچىلىككە ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، مۇھىتنى پاكىز تۇتۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. شۇنداقلا ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك تازىلىق تەدبىرلىرىنى قوللاندى. گەرچە بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەش جەريانىدا، گەندى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرگە ئۇچرىغان، زور بېسىملارغا چىداشلىق بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاخىرىدا ئازابلىق تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ: «كىشىلەرنىڭ سەۋر ـ تاقىتى چەكسىز بولمايدۇ، كىشىلەردىن قىلغىلى بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ جىددىي ئىسلاھ قىلىش زۆرۈر بولغىنى جەمئىيەت ئەمەس، بەلكى ئىسلاھاتچىنىڭ ئۆزى» دەيدۇ.

بۇ مەزگىلدە، گەندى يەنە بىر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلدى، ئۇ بولسىمۇ ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنى ئويغىتىپ ۋەتەنگە تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈش، ۋەتەندىكى موھتاجلىقتا ئۇتۇۋاتقان قېرىنداشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى مۇھاجىرلارغا ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە نىسبەتەن باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

1897 ـ يىلىدىن 1899 ـ يىلىغىچە ھىندىستاندا قورقۇنچلۇق ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھاياتلىق يولىدا جان تالىشىۋاتاتتى. مۇشۇ پەيتتە، ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستان مۇھاجىرلار ئۆمىكىنىڭ نۇرغۇن ئىئانىسىگە ئېرىشتى. ھىندى مىللىتى بالايىئاپەتكە ئۇچرىغان ھامان، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستان مۇھاجىرلار ئۆمىكى كۆپ پۇل ئىئانە قىلاتتى، بۇ ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەنگەندى.

بۇنىڭدىن، گەندىنىڭ خىزمەتكە كىرىشكەندە، ئۇنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ چاغدا، گەندىنىڭ ئورۇنشقا بولغان مەسئۇلىيىتى پەيدىنپەي سۇسلاشقانىدى. ئۇنىڭ سەزگۈسى ئۇنىڭغا: ھىندىستانغا قايتىپ كېتىپ، ئۇ يەردە تېخىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىشىڭ كېرەك، دەيتتى. لېكىن، ناتال ھىندىلار مەجلىسىدىكى دوستلىرى گەندىگە: بىر يىل ئىچىدە ئەگەر بۇ يەر ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلىشىغا موھتاج بولۇپ قالسا، ئۇ يەنە جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتىپ كېلىشى كېرەك، دېگەن شەرتنى قويىدى. ئەمەلىيەتتە، گەندى بۇ چاغدا ئۆزىنى مۇھاجىرلار ئۆمىكى بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار بىر كىشىدەك ئىتتىپاقلاشقانىدى. گەندى كېيىنكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىغا مۇنداق يازغان:

«خەلقنىڭ ساداسى خۇدانىڭ ساداسى. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى دوستلىرىمنىڭ ساداسى بەكلا چىن، مەن ئۇنى رەت قىلالمايمەن.»

1901 ـ يىلى گەندى پاراخوتقا چۈشۈپ ماۋرىتيۇس ئارقىلىق ھىندىستانغا قايتىپ كەلدى.

ئەينى ۋاقىتتا كالكۇتتادا مىللىي مەجلىس ئېچىلىۋاتاتتى. كالكۇتتادا تۇرۇۋاتقان گەندىمۇ بىرىنچى قېتىم بۇ مەجلىسكە قاتناشتى. ئۇ مەجلىسنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ئافرىقا مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھىسىنى ئوڭۇشلۇق ماقۇللىغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن كۆردى.

لېكىن، گەندى مەجلىسنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن ھەقىقىي ئۇچراشقاندىن كېيىن، مەجلىستىن ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ مەجلىس ۋەكىللىرى ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىگە ئورا كولاش، بىر ـ بىرىنى ئالداش ھادىسىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قۇرۇق گەپ سېتىشنىلا بىلىدىغانلىقىنى، ئەمەلىي ھەرىكىتى يوقلۇقىنى كۆزەتتى.

گەندى بومبايدا ئولتۇراقلىشىش قارارىغا كەلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئادۋوكاتلىق قىلماقچى، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالى بىلەن ئوغلىنى بومبايغا ئەكېلىۋالدى ۋە كەسپىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى باشلاپ، ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەرەددۇت قىلدى. گەندىنىڭ تۇرمۇشى ئاخىر تۇراقلاشتى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ دوربانىدىكى دوستلىرىدىن تېلېگراما كېلىپ، ئۇنىڭ دەرھال قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى، چۈنكى ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرى چېمبېرلىن جەنۇبىي ئافرىقىغا بارىدىغان بولۇپ، دوستلىرى گەندىنىڭ قايتىپ كېلىپ، بىر ھىندىستان مۇھاجىرلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ چامبېرلىنىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. گەندىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسى ھېلىمۇ ئېسىدە ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەسكىن ھالدا ئايالى بىلەن ئوغلىنى ھىندىستاندا قويۇپ، يەنە بىر قېتىم ئۆزى يالغۇز يىراق دۆلەتكە ماڭدى.

بۇئېرلار جەنۇبىي ئافرىقىدا ياشايدىغان دېلانسۇۋا مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار ئىنگلىزلار بىلەن بىر مەيدان زېمىن تالىشىش ئۇرۇشى ئېلىپ بارغانىدى، تارىختا بۇ بۇئېر ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان، بۇئېرلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دېلانسۇۋالار ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغانىدى.

چېمبېرلىنىنىڭ بۇ قېتىم جەنۇبىي ئافرىقىغا كېلىشى 35 مىليون فوند ستېرلىڭ سوراش ۋە يەرلىك ئىنگلىزلار بىلەن بۇئېرلارنىڭ رايىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھىندىستان مۇھاجىرلىرى ۋەكىللىرى ئۆمىكىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنىڭ بۇ يەردىكى تۇرمۇشۇڭلاردىكى دەرد ـ قىيىنچىلىقلىرىڭلارنى كۆردۈم، ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا، چامىمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىمەن. لېكىن، ئەگەر سىلەر ياۋروپالىقلار ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرمەن دەيدىكەنسىلەر، ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇنلىشىشىڭلار ھەمدە ئىمكانقەدەر ئۇلار بىلەن دوستانە ئۆتۈشۈڭلار كېرەك.» بۇ جاۋابنىڭ گەندىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغانلىقىدا شەك يوق ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتنى باشتىن ئىشلەشكە توغرا كەلگەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى.

بۇئېر ئۇرۇشى مەزگىلىدە، گەندى قۇتقۇزۇش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئىنگلىزلار ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت قىلىپ بەرگەنىدى، شۇڭا ئۇ چېمبېرلىنىنىڭ كېلىشى بىلەن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ جاپالىق ھالىتىنىڭ ئاز ـ تولا ئۆزگىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە ھەقلىق ئىدى. شۇ كۈنلەردىكى گەندىدە ئەنگلىيىگە نىسبەتەن كۈچلۈك ھۆرمەت بار ئىدى، گەرچە ئۇ بىر تەرەپتىن قېرىنداشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنگلىزلاردىن تېخىمۇ كۆپ ھوقۇققا ئېرىشىشكە تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بۈيۈك ئەنگلىيىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداۋاتاتتى، چېمبېرلىنىنىڭ ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى كۆرۈشىنى ھەمدە ئۇلارغا ناماقۇل

بولۇشنى سەممىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ ھەيرانلىق ھېس قىلدى: «كىشىنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدىغان ئاشۇ تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى سەل بوشاشتۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە تېخىمۇ چىڭىتىۋەتكەنلىكىنى بايقىدى.»

گەندى ئۆزاققا بارمايلا بومبايغا قايتىپ ئائىلەمدىكىلەر بىلەن جەم بولىمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولۇشىدىن قىلچە ئەسەر بولمايلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. توقۇنۇشىدىغان ساھەلەر ئۆزلۈكسىز كېڭەيمەكتە، ئىرقىي كەمسىتىش دولقۇنى ئۆزلۈكسىز ئۆرلىمەكتە، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مۇھاجىر قېرىنداشلارنىڭ شۆھرىتى ۋە بەختەرلىكى تەلتۆكۈس يەر بىلەن يەكسان بولۇش خەۋپى تۇغۇلماقتا.

بۇنداق خەۋپ ئالدىدا گەندى قانداقمۇ كېتەلىسۇن؟!

ئۇ يەنە بىر قېتىم قېلىپ قېلىش قارارىغا كەلدى. بۇ قېتىم باشقىلارنىڭ كەتكۈزمەسلىكى ھاجەتسىز بولۇپ، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشىنى ئۆز ۋەزىپەم دەپ قارىغانىدى. ئۇ جوھانىسبۇرگتا ئىشخانا تۇتتى، شۇنداقلا ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئورۇنلاشتى ھەمدە شۇ يەردە تېزىمغا ئالدۇرۇپ ئالىي ئادۋوكات بولدى.

گەندى ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم يات يۇرتتا تۇرۇپ كۆرەش قىلىشتەك جەڭگىۋار ھاياتىنى باشلىۋەتتى.

1903 ـ يىلى گەندى دۇرباندا تۆت خىل تىلدا ــــ ئىنگلىز تىلى، گۇجرات تىلى، ھىندى تىلى ۋە تامىل تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «ھىندى ئوبزورى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى. ئۇ تەھرىرلىك قىلىش ۋە مەبلەغ تەييارلاشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئاخبارات خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە، مىزانىغا ئەمەل قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە

ئاخبارات خىزمىتىنىڭ روھىي ماھىيىتىنىڭمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ژۇرنال دۇنياغا كەلگەن تۇنجى ئايدىلا گەندى ئاخبارات خىزمىتىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

ئىككىنچى يىلى، يەنى 1904 - يىلى جوھاننېسبۇرگتىكى ھىندىستان مۇھاجىرلىرى ئولتۇراق رايونىدا ئۇشتۇمتۇت چۇما كېسىلى تارقىلىپ كەتتى. ئاتالمىش «ئولتۇراق رايون» ئەمەلىيەتتە «مەدىكارلار» مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جاي ئىدى. ئۇلار يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆزلىرىنىڭ يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ھەمدە پاسكىنا مۇھىتتا قىستىلىشىپ ياشاۋاتقان بولغاچقا، بەزىلەر قورقۇنچلۇق كالا ئازار كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالغانىدى، بۇ خىل كېسەل چۇمادىنمۇ قورقۇنچلۇق ۋە يامان كېسەل ئىدى.

گەندى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال باتۇرلۇق بىلەن ئۇ يەرگە باردى ۋە ئايرىپ قويۇلغان 23 بىمارنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالدى. ئۇ بىر تەرەپتىن كېسەللەرگە قارىسا، بىر تەرەپتىن ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە خەت يېزىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرىنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى ۋە دائىرىلەرنىڭ كالا ئازار كېسىلىنىڭ ياماراپ كېتىشىگە جاۋاب قىلىشنى تەلەپ قىلدى. گەندىنىڭ شىكايىتىنى رەت قىلغىلى بولمايتتى، ھۆكۈمەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلغاندا ئادىل ھەم باتۇر بولدى، ھەتتا نۇرغۇن يەرلىك ئاق تەنلىكلەر ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن «ھىندى ئوبزورى»نىڭ چىقىمى كۆندىن - كۆنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، گەندى ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى ئارقىلىق بىرقانچە ئاق تەنلىك دوستلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، «ھىندى ئوبزورى»نى داۋاملىق نەشر قىلالايدىغان بولدى.

# يەتتىنچى باب  بولاماجايا

گەندىنىڭ ساداقەتمەن مىجەزى ئۇنى بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىگە چەكسىز ساداقەتمەن قىلىۋەتكەنىدى، شۇڭلاشقا، بەزى ئالاھىدە ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئادىل ئىش قىلغان ـ قىلمىغانلىقى بىلەن ئانچە كارى بولمايتتى، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن: مېنىڭ بۇ خىل ساداقەتمەنلىكىم دۇنيانىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن، «بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى پۈتۈن دۇنيانىڭ بەختىنى كۆزلەپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» دەپ قارايتتى.

1906 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ناتالدا زۇلۇ قوزغىلىڭى پارتلىدى. زۇلۇلار بىلەن ھىندىلارنىڭ ئۆچمەنلىكى يوق ئىدى. گەندى دائىرىلەرنىڭ ئۇنى «توپىلاڭ» دەپ قارىغانلىقىدىن تولۇق گۇمانلىناتتى، لېكىن بىر خىل سەمىمىي ـ سادىقلىق گەندىنىڭ بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىگە نىسبەتەن قىلچە يامان ئويدا بولۇشىغا يول قويمايتتى. شۇنىڭ بىلەن خۇددى دەسلەپكى بۇئېر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش، ئۇ دەرھال 24 كىشىلىك ھىندىستان مۇھاجىرلىرى قۇتقۇزۇش ئەترىتىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، «توپىلاڭ» يۈز بەرگەن رايونغا باردى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر مەيدان پاراكەندىچىلىكنىڭ مۇبالىغە قىلىنىپ «توپىلاڭ» دەپ ئاتىلىشى، بىر زۇلۇ قەبىلە كاتتىۋېشىنىڭ زۇلۇلاردىن مەجبۇرلاپ ئېلىنغان بىر خىل يېڭى باجنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى ۋە باج يىغقىلى كەلگەن بىر ئەسكەرنى ئېتىۋەتكەنلىكىدىن بولغان بولۇپ، بۇ ئىش ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۆلارنى ئۆلتۈرۈشىگە سەۋەب بولغان. بۇ، قىلچە

قارشىلىق بولمىغان بىر مەيدان ئۇرۇش ئىدى.

زۇلۇلار ئۆز زېمىنىدا باشقىلار تەرىپىدىن سۇر ـ توقاي قىلىندى ۋە ۋەھشىيلەرچە قاتتىق تاياق يېدى. ئىنگلىزلارنىڭ مىلتىق ـ زەمبىرەكلىرىمۇ قىلچە ئەيمەنمەستىن ئۇلارنىڭ يېزىلىرىنى قالايمىقان پارتلىتىپ ۋە ئوققا تۇتۇپ، زۇلۇلارغا نۇرغۇن زىيان كەلتۈردى. ئۇرۇش ۋە قورال كۈچىنىڭ ۋەھىمىسى گەندىنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم نامايان بولدى. ئۇ دەرھال زۇلۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە كىرىشىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ۋىجدانىنى ئازراق تەسەللى تاپتۇردى.

بۇ ئالتە ھەپتە جەريانىدا، گەندى قورال كۈچىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، بۇ ئىش گەندىنىڭ ئىدىيىسىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئىلگىرىكى خىزمەتلەر داۋامىدا، ئۇ ئىزچىل تۇردە كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەقسىتى ئۈستىدە ئويلانغان ھەمدە شەخسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئىزدىگەن، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشقانىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ناھايىتى گاڭگىراپ قالغان، نىشانىمۇ ناھايىتى ئېنىقسىز ئىدى.

ئويلىنىۋاتقىنىغا ئۇزاق بولغان، لېكىن ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي شەكلىنىەلمىگەن ئىدىيىلەر بۇ ئالتە ھەپتىلىك ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشتىن كېيىن، ئۇنىڭ كاللىسىدا بىراقلا روشەنلەشتى. ئۇ بىردىنلا يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئۆزى ئازاب چېكىپ ئىنتىلىپ ئىزدەشەلمىگەن نەرسىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە ئاخىر قەتئىي ئىرادىگە كەلدى. ئۇ شۇنى چۈشەندىكى، ئەگەر پۈتۈن ھاياتىنى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىشلارغا تەقدىم قىلمىسا، ئۆزىنىڭ غايىسىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ كۈرەش نىشانى قىلمىسا دەيدىكەن، ئالدى بىلەن

نەپسىنى يىغىشى كېرەك. بۇ، ھىندى دىنىي قائىدىسىدە «بۇلاماجايا» دەپ ئاتىلاتتى. نەپسىنى يىغىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلەتتى. نەپسىنى يىغىش ھاۋايى - ھەۋەسنى ئۆلتۈرۈشتىن باشلىناتتى، لېكىن يەنە بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى. ئەگەر مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە يېتىشنى كۆزلەيدىغان بولسا، ناپاكلىقنىڭ بارلىق مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

بۇ قېتىمقى «توپىلاڭ» باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ قوتقۇزۇش ئەترىتى تارقىلىپ كەتتى. ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گەندى دەرھال ئۆزىنىڭ كەسكىن ھەرىكىتىنى باشلاپ، ئۆمۈر بويى نەپسىنى يىغىشقا قەسەم قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگىن ئەمبىرىسى
www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب  زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى

جوھاننېسبۇرگتا يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر ۋە گەندىنىڭ قوللانغان ئۆزىنى پاك تۇتۇش خىزمەت ئۇسۇلى ئۇنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. گەندىنىڭ تۇرمۇشى ۋە خىزمىتى جەريانىدىكى نەپسىنى يىغىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەسەملىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىدىيىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ئۈچۈن قىلىنغان شەكىلسىز تەييارلىق ئىدى. زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتى پرىنسىپىنىڭ شەكىللىنىشى بۇ نام دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئىش ئىدى.

گەندى ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان ھەرىكەتنى ئىنگلىز تىلىدىكى «پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش» دېگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلىگەنىدى، لېكىن ياۋروپالىقلارنىڭ بىر يىغىلىشىدا، ئۇ «پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ بەك تار ئىكەنلىكىنى، باشقىلار تەرىپىدىن «ئاجىزلارنىڭ قورالى» دەپ خاتا چۈشىنىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى سەزدى. كېيىن ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان ھەرىكەتنى «پۇقرالارنىڭ بويسۇنماسلىقى»، «پۇقرالارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىدى. لېكىن، بۇ ئاتالمىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغان بارلىق كۈرەشنىڭ مەنىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىدى.

گەندى تەسەۋۋۇر قىلغان قارشىلىق كۆرسىتىش مۇنداق بىر ئاساس ئۈستىگە يەنى مېھرىبانلىق، سەمىمىيلىك ئۈستىگە

قۇرۇلغانىدى.

كېيىن ئۇ ھىندى تىلىدىكى satyagraha دېگەن سۆزنى قوللاندى، بۇ گەپ ھەقىقەتنى چىڭ تۇتۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ سۆز ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى غايىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ سۆز گۇجرات تىلىدا كۈرەشنى ئىپادىلەشنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ قالدى.

زۇلۇلارنىڭ قارشىلىقى تەلتۆكۈس باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى تىغ ئۇچىنى ترانسۋالدا ئولتۇراقلاشقان ھىندىستان مۇھاجىرلىرىغا قاراتتى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئىنگلىزلار مونوپول قىلىپ تۇرۇۋاتقان ھوقۇقنى ۋە سودىنى قوغداپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىك ۋە قوڭۇر تەنلىكلەرگە مەڭگۈ ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئىدى.

1906 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇلار يەنە بىر قانۇن لايىھىسىنى ئېلان قىلىپ، ھىندىستان مۇھاجىرلىرىدىن ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرمىغان مۇھاجىرلارغا جەرىمانە قويۇش، قاماش ياكى قوغلاپ چىقىرىش جازاسى بېرىلدى. يەرلىك ساقچىلار مۇھاجىرلارنى ئاشكارا تەكشۈردى ھەمدە شەخسىي تۇرالغۇلارغا ئۇسۇپ كىرىپ زورلۇق بىلەن تىزىمغا ئالدى.

گەندى ئالدىراش جوھاننېسبۇرگقا قايتىپ بېرىپ، مۇھاجىرلارنى قارشىلىق كۆرسىتىشكە چاقىردى. ئۇ قېرىنداشلىرىنى ئەگەر ئۇلار بېرىپ ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرسا، ھىندىلار ھاقارەتلىنىدىغانلىقى، بۇنىڭ «ئىت باغلايدىغان بويۇنتۇرۇق» ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى. گەندى ئۆزى ئاچقان يىغىندا ئۇنلۇك ئاۋازدا مۇنداق دېدى: «مەن ئۇچۇن پەقەت بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ بۇ پەرمانغا تىز پۈكمەسلىك. ئەگەر ئۆزۈم يالغۇز قالسامۇ، ئاخىرغىچە كۈرەش

قىلىمەن !»

گەندى ئۆزىنىڭ تۇنجى ھەرىكىتىنى باشلاپ ترانسۋال دائىرىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، سەمىمىي تەلەپ قويۇپ، ئۇلاردىن بۇ قانۇن لايىھىسىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئۇ: ئاياللارنى تىزىملاتمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، باشقا تەلەپلەرنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، دېگەن جاۋابقىلا ئېرىشتى.

ترانسۋال ئەينى چاغدا يەنىلا ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغاچقا، بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ ماقۇللىنىشى بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى شەرت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 10 ـ ئايدا، گەندى ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندونغا بېرىپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى قايىل قىلماقچى بولدى. ئۇ ئەنگلىيە دائىرىلىرىنى قايىل قىلىش ناھايىتى ئوڭاي بىر ئىش، دەپ قارايتتى. چۈنكى، گەندىنىڭ ئىدىيىسىدە، بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇقراسى بولغان ھىندىستان پۇقرالىرىغا قارىتا ئىرقىي كەمسىتىش يولغا قويۇلسا، ئىمپېرىيىنىڭ ئابرويىغا زىيان يېتەتتى. ئەينى چاغلاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە، گەندى بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىگە ئەنە شۇنداق سادىق بولۇپ كەلگەنىدى.

لېكىن، لوندوندا ئۇنىڭ ئىشىدا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى.

بۇ رەزىل پەرمان ئاخىر ئەنگلىيە خان جەمەتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، 1907 ـ يىلى 5 ـ ئايدا رەسمىي بىر قانۇنغا ئايلاندى.

گەندى ئاخىر قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۆتتى. ئۇ جوھاننېسبۇرگقا قايتىپ كېلىپ، پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش جەمئىيىتىنى تەشكىللەپ، ئۆزلىرىگە قاتتىق بېسىم ئىشلەتكەن قانۇنغا قارشى تۇردى. ئۇلار تەرتىپ ساقلاش ئەترىتى تەشكىللەپ ۋە تەربىيىلەپ ھەممە يەرگە: «پادىشاھقا سادىق

بولايلى، خۇداغىمۇ سادىق بولايلى !»، «ھىندىستان مۇھاجىرلىرى ئەركىنلىككە موھتاج !» دېگەندەك شوئارلارنى چاپلىدى. ئۇ ئەترەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ ئۆيمۇئۆي بېرىپ، كىشىلەرگە بۇ قانۇنغا قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلدى. گەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ئاخىر نەتىجە كۆرۈندى: گەرچە دائىرىلەر تىزىمغا ئالدۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۆھلىتىنى ئۇزارتقان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئاز مۇھاجىرلار تىزىمغا ئالدۇردى.

گەندىنىڭ ھەرىكىتى دائىرىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. 1908 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گەندى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىلىرى قولغا ئېلىنىپ ئۇچ ئاي يالغۇز نەزەربەند قىلىنىشقا ھۆكۈم قىلىندى.

بۇ گەندىنىڭ بىرىنچى قېتىم قامىلىشى ئىدى.

لېكىن، بۇ قېتىمقى ھەرىكەت مەيلى نەزەرىيە جەھەتتىن ياكى ئەمەلىي ھەرىكەت پرىنسىپى جەھەتتىن بولسۇن، گەندى ئۆمۈر بويى تەشەببۇس قىلغان «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى»نىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گەندى ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان ھەرىكەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تېخىمۇ كىرىشىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرىسى

# توققۇزىنچى باب سۈيقەست

گەندىنىڭ قامىلىشى بىر مەشئەلگە ئوخشاش كۆپچىلىكنىڭ قەلبىدىكى نۇرلۇق چىراغنى ياندۇرۇپ، كۆپچىلىككە شەكىلسىز ھالدا غايەت زور جۈرئەت ئاتا قىلدى. تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان سەپكە قوشۇلدى. بۇ كىشىلەر ئىزچىل تۈردە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار جاپالىق ھەم ئاچ - يالىڭاچلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى، باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ، توخۇ يۈرەك دەپ قارىلىپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ مازاق قىلىشىغا ئۇچرايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ زۇلمىغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلدى، بۇ ھەرىكەت بىر خىل غەلىبىدىن دېرەك بېرىپ، مۇقەررەر ھالدا جامائەتچىلىكنىڭ كەڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. گەندى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ھىندىستاندا، ھەتتا ئەنگلىيىدە ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتىش نامايىشلىرى ۋە گەندىنى قوللايدىغان ھەققانىي ھەرىكەتلەر يۈز بەردى. بۇنداق ئەھۋالدا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە بىر يېڭى سۈيقەست ئىشلەتتى.

ئۇلار تۈرمىگە بىر مۇخبىرنى ئەۋەتىپ، گەندىنى زىيارەت قىلدى ۋە قانۇن لايىھىسىنى ئېلىپ باردى. بۇ قانۇن لايىھىسىدە ئەگەر ھىندىستان مۇھاجىرلىرى ئىختىيارىي ھالدا تىزىمغا ئالدۇرسا، بۇ پەرمانىنىڭ بىكار قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا تەكىلىپ بېرىلگەنىدى. چۈنكى، ئۇلار ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ غورۇرلۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن

ئىختىيار قىلىپ تىز ىمغا ئالدۇرۇشقا قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

گەندى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئاغزاكى ۋەدىسىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتتى.

گەندى پۈتۈن ھاياتىدىكى كۆرەش داۋامىدا، ئىزچىل ھالدا رەقىبىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كەلدى، چۈنكى ئۇنىڭ پرىنسىپىدا كىشىلەر سەمىمىي بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئۇ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، دەرھال ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ۋەدىسىنى تەشۋىق قىلدى ۋە چۈشەندۈردى ھەمدە ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئىپادىلەپ: «بىز ئىختىيارىي تىز ىمغا ئالدۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ئۆزىمىزنىڭ سادىقلىقىمىزنى ۋە سەمىمىيلىكىمىزنى، ترانسۋالدا ئوغرىلىقچە ياشىماقچى ئەمەسلىكىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز لازىم» دېدى.

گەندىنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن چۈشەندۈرۈشى بارلىق مۇھاجىرلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە ماقۇللۇقىغا ئېرىشەلمىدى. بەزى رادىكاللار ھەتتا گەندىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن پارا ئالدى، ئۆزىنىڭ قەسىمىدىن يۈز ئۆرۈدى، دەپ ئەيىبلىدى. تېخى بەزىلەر تىز ىمغا ئالدۇرۇشقا بارغانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

لېكىن، گەندىنىڭ جاۋابى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئۆز قېرىندىشىمنىڭ قولىدا ئۆلسەم بۇنىڭغا ھەسرەت چەكمەيمەن، ئەگەر ئاشۇنداق بولۇپ قالسا، مېنى ئۆلتۈرگەن قېرىندىشىمغا نەپرەتلەنمەيمەن. چۈنكى، مەن كۆپچىلىكنىڭ مېنىڭ سەمىمىي كۆڭلۈمنى بىلىپ يېتىدىغانلىقىغا ھەم مېنى مەڭگۈ خاتىرجەم قىلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن.»

گەندى ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئىختىيارىي تىز ىمغا ئالدۇردى. يول

ئۈستىدە ئۇ بىر قېرىندىشىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئۇ ئېغىر يارىلانغان بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى قانغا بويالغان، سېزىمىنى يوقاتقانىدى.

گەندىنىڭ سېزىمى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن قىلغان تۇنجى سۆزى، ئۆزىنى ئۇرغان ئادەمنى ئەيىبلىمەسلىكنى ئۆتۈنۈش، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشنى رەت قىلىش بولدى. ئۇ يۈزىدىكى جاراھەتنى ئەمدىلا ساقىيىشىغا، دوختۇرنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگىمۇ قارىماي، قەتئىي پوزىتسىيە بىلەن بىر پارچە تىزىمغا ئالدۇرۇش گۇۋاھنامىسى ئالدى.

گەندى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ئۆز ھاياتىنى قوغداشتىنمۇ مۇھىم ئىدى.

گەندى سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ئاممىۋى پائالىيەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ دۇربانىدا، جوھاننېسبۇرگتا يىغىن ئېچىپ، قېرىنداشلىرىنى ئاڭلىق ھالدا ئىختىيارىي تىزىمغا ئالدۇرۇشقا چاقىردى. نۇرغۇن كىشىلەر چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى.

لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئۇمىدسىزلەندى، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقى، ئەخمەق قىلىنغانلىقىدىن خورلۇق ھېس قىلدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بۇ پەرماننى بىكار قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، ئىختىيارىي تىزىمغا ئالدۇرۇشنى بىر قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى ھەمدە گەندىگە ھېچقانداق ۋەدە بەرمىگەن، دەپ تېنىۋالدى.

گەندى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بۇ قىلىقىغا ئېچىندى. ئۇ قېرىنداشلار ئاچقان بىر يىغىندا، ئاممىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇش گۇۋاھنامىسىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ بولغان كىشىلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنى دوراپ تىزىمغا ئالدۇرۇش گۇۋاھنامىلىرىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتتى.

يەرلىك ھۆكۈمەت يەنە بىر قېتىم ھىندىستان مۇھاجىرلىرىغا قارىتا ئۈچ ئېلىش ھەرىكىتى قوللاندى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار پۇقرالارغا نىسبەتەن قولغا ئېلىش، جەرىمانە ئېلىش، ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە چېگرىدىن

قوغلاپ چىقىرىشتەك رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، گەندىنى ئىنايىن غەزەپلەندۈردى. ئۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا خەت يېزىپ مۇنداق دېدى: «مېنى قولغا ئالماي، ئاشۇ يوقسۇل ھىندىستان پۇقرالىرىنى قىيناشنى بۇيۇك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قىلىقى دېگىلى بولامدۇ؟» بۇنىڭ ئۇچۇن گەندى يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە دەھشەتلىك قامچىلاندى ۋە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىندى.

لېكىن، گەندى قىيىنچىلىق ئىچىدە چېنىقتى، گەرچە ئۇنىڭ تېنى ئازابلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ روھى كاردىن چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىم تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە دەرھال كۈرەشكە ئاتلاندى.

1909 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گەندى ئۈچىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىپ، يەنە بىر قېتىم ئېغىر ئىشقا سېلىندى. گەندى كۆڭلىدىكى ئىستەكلىرى، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلىدى.

1908 ـ يىلى گەندى تۈرمىدە جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئايالى ئۇشتۇمتۇت ئېغىر كېسەل بولۇپ قالدى. گەندى ئايالىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن جەرىمانە تۆلىسە ئاندىن تۈرمىدىن چىقالايتتى. بىراق، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ئۇنداق قىلسا ئۆزىنىڭ پاسسىپ قارشى تۇرۇشتەك ھەرىكەت مىزانىغا خىلاپ بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇنداق قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇ ئايالىغا يازغان بىر پارچە خېتىدە تەسىرلىك قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «كېسەللىكىڭىزنىڭ يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم پارە ـ پارە بولدى. لېكىن مەن بارلىقىمنى، جۈملىدىن جىسمىم ۋە ئىرادەمنى پۈتۈنلەي كۈرەشكە ئاتىۋەتكەن. مەن بېرىپ سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالالمايدىغان بولدۇم، سىزنىڭ جۈرئەتلىك، قەيسەر بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ناۋادا سىز ئۆلۈپ كېتىپ قالسىڭىز، مېنىڭ پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئىشلىرىم ئۈچۈن قۇربان بولغان بولىسىز، مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تورىبىسى

# ئونىنچى باب جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاخىرقى كۈنلەر

ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇستەملىكىلىرىنى ئۆزۈل - كېسىل بىرلىككە كەلتۈرۈشنى پىلانلاۋاتاتتى. گەندى ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھىندىستان مۇھاجىرلار ئۆمىكى يەنىلا ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا ياشاۋاتقان ھىندىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلاتتى. شۇ مەقسەتتە، گەندى ئۇچىنچى قېتىم تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىر نەپەر مەجلىس ۋەكىلىنىڭ ھەمراھلىقىدا لوندونغا ئەلچى بولۇپ باردى.

گەندى لوندوندا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى، ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى، شۇنداقلا سىياسىيونلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ ھىندىستان مۇھاجىرلار ئۆمىكىنى قوللىشىنى تەلەپ قىلدى. بىراق، تۆت ئاي جاپا چەككەن بولسىمۇ خىزمىتىدە ھېچقانداق ئۇنۇم بولمىدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى قىلچە يول قويمىدى. ئۇلار «ئادىل مۇئامىلە قىلىش، ئادالەتتە چىڭ تۇرۇش، ئاپتونومىيىلىك زېمىننىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق»نى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلدى.

گەندى كەمسىتىلىشنىڭ ئاچچىق تەمىنى يەنە بىر قېتىم تېتىپ چوڭقۇر قايغۇغا پاتتى. دەل شۇ مەزگىلدە، گەندى مەشھۇر يازغۇچى تولستوي بىلەن خەت ئالاقىسى قىلىشقا باشلىدى. تولستوينىڭ غەرب ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئالدىدا قىلچە يول قويماسلىق، قەتئىي زەربە بېرىشتەك قەھرىمانلىق روھى گەندىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەندى. تولستوي ئالەمدىن ئۆتكەندىن

كېيىن، گەندى ماقالە يېزىپ ئۇنىڭ ئۇلۇغ خاراكتېرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ۋە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىدى، ئۇنىڭغا «ئۇ شۇ زاماندىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشى» دەپ يۇكسەك باھا بەردى.

گەندىنىڭ لوندونغا قىلغان سەپىرىنىڭ ھېچقانداق ئۇنۇمى بولمىدى.

ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتىپ كەلگەن چاغدا، قىيىن ئەھۋاللار ئۇنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالدى: خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىقى ئاجىزلاپ، كىشىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى تۆۋەنلەپ كەتكەن، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جىددىي باستۇرۇش تەدبىرىنى قوللانغان بولۇپ، ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي ئىدى.

«ھىندى ئوبزورى»نى نەشر قىلىشقا كېتىدىغان ئەڭ تۆۋەن خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىشمۇ قىيىنلاشقان ھەمدە ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى قامداشقا يېتەرلىك خىراجەتمۇ قالمىغانىدى. مۇشۇنداق قىيىن ۋەزىيەتتە، گەندى مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىشى لازىم ئىدى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاندا، گەندى گېرمانىيىلىك بىر دوستىنىڭ خالىس ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ بۇ دوستى بىر ئەسەبىي تولستويىزمچى بولۇپ، گەندىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ۋە خىسلىتىگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كۆلىمى 1100 گېكتار كېلىدىغان بىر قورۇق سېتىۋېلىپ گەندىگە تەقدىم قىلىپ، شۇ ئارقىلىق گەندىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئەزالىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

گەندى بۇ قورۇققا تولستوي قورۇقى دەپ ئىسىم قويدى.

قورۇقتا، كۆپچىلىك ئۆزىنى ئۆزى قامداپ، قاتتىق ئىنتىزام بىلەن ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرەتتى، گەرچە بۇ جاي دۇئا ـ

www.uyghurkitap.com

ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىبادەتخانىغا ئوخشاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ روھى ئىنتايىن ئۇرغۇپ تۇراتتى.

بۇ مەزگىلدە بۇ يەردە بىر ۋەقە يۈز بەردى، بىز گەندىنىڭ بۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى پوزىتسىيىسىدىن ئۇنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىۋالالايمىز ۋە بىلىۋالالايمىز.

قورۇقتا ئەر ـ ئاياللار بىللە تۇرىدىغان بولغاچقا، گەندى ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇزۇقچىلىق قىلمىشى ئاخىر يۈز بەردى. بۇ ئىش ئۇنىڭ موناستىرچە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسىغا پۈتۈنلەي خىلاپ ئىدى، شۇڭا ئۇ نارازىلىق بىلدۈرۈپ بىر ھەپتە ئاچلىق ئېلان قىلدى. ئۇ ئۆزىنى جازالاش ئارقىلىق كۆپچىلىكنى ئېچىنىش ھېس قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى پاكلاشتۇرغىلى، كىشىلەرگە ئەخلاقسىزلىقنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى.

باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئەيىبلەشكە توغرا كەلگەن چاغدا، گەندى ھامان خاتالىقنى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن ئىزدەيتتى. ئۆز ئەجرىنىڭ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ھەقىقىي تەسىر قىلىپ، كىشىلەرنى «ئىپلاس ھەم قورقۇنچلۇق» قىلمىشلاردىن يىراقلاشتۇرالايدىغانلىقىغا ئاق كۆڭۈللۈك ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ئىشىنەتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە 18 قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلىشى ئىدى.

قەيەردە ئېزىلىش بولسا، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ.

ئەنگلىيىنىڭ بېقىندىسى بولغان جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى ئىزچىل تۈردە ئېزىش تەدبىرلىرىنى قوللانماقتا، ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ قارشىلىقى ئىزچىل داۋام قىلماقتا ئىدى. زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قولغا ئېلىنىدى، نەزەربەند ۋە سۈرگۈن قىلىنىدى. بۇ خىل ۋەھشىي ھەم ئېچىنىشلىق ھەرىكەت گەندى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ تەشۋىق

قىلىشى ئارقىسىدا، ھىندىستاننىڭ دۆلەت ئىچىگە تارقىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كىشىلەرنىڭ ھەققانىي غەزىپىنى قوزغىدى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نامايىشلار ئۆتكۈزۈلۈپ، جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىندى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، ئەنگلىيە شاھزادىسى جورجى V نىڭ تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى، شۇڭلاشقا، ئەنگلىيە دائىرىلىرى ھىندىلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كەيپىياتىنى تىنچىتىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ بېقىندىسى بولغان جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ كەيپىياتىنى تىنچىتىدىغان بىر پەرمان ئېلان قىلدى: ھەرقانداق ھىندىستانلىقنىڭ ترانسۋالغا كىرىشى ئۇنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ھىندىستان مۇھاجىرلىرى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن رەسمىي ئەنگلىيە پۇقراسى، دەپ قارالدى ۋە كەمسىتىلمىدى، قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ قاماپ قويۇلغان ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قويۇپ بېرىلدى، تۆت يىل داۋام قىلغان زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئاخىرلاشتى. كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بۇ قېتىمقى غەلىبىنىڭ پەقەت ۋاقىتلىق تىنچىتىشلا ئىكەنلىكىنى، تېخىمۇ زور بوران ـ چاپقۇننىڭ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

1912 ـ يىلى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى گوكول جەنۇبىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلىپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۆلەت مېھمىنىغا ئوخشاش دوستانە كۈتۈۋېلىندى. ئۇ ھاكىمىيەت يۇرگۇزگۈچى ئەمەلدارلار بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق ئۇزاق داۋام قىلغان سۆھبەتتە، ئۇلارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ قالدى. ئۇ گەندىنىڭ ھىندىستانغا قايتىپ كېتىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، جەنۇبىي ئافرىقا مەسىلىسى

www.uyghurkitap.com

پۇتۇنلەي ھەل بولغان، پەرمان ىىكار قىلىنغانىدى، ئىرقىي ئايرىمىچىلىقتا دائىر ماددىلارمۇ كۆچمەنلەر قانۇنىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلەتتى. لېكىن، بۇ قېتىم گەندى بۇنىڭ راستىلىقىغا تولۇق ئىشەنمىدى.

جەنۇبىي ئافرىقىدا گەندىلەرنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتى ۋە ئىنتىلگەن روھىي ئېتىقادى گوكۇلدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇ دۆلىتىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىنكى بىر قېتىملىق نۇتقىدا مۇنداق دېدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، گەندى ئەپەندىنىڭ مىللىي قەھرىمانلارغا خاس ئالىيجاناب پەزىلىتى، غايە ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغۇچىلارغا خاس ئالاھىدە پەزىلىتى ئۇنىڭ جىسمىدا قالتىس بىر خىل مەنىۋى كۈچ سۈپىتىدە ئەكس ئېتىپ، ئەتراپىدىكى ئۆزى بىلەن ئورتاق ئىنتىلىشتە بولغان بارلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرگەن.»

گوكۇل دۆلىتىگە قايتىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى ھىندىستان مۇھاجىرلىرىدىن يەنە بىر قېتىم زورلۇق بىلەن ئادەم بېجى يىغدى ھەمدە ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ توي قىلىش ئۇسۇلىنى قاتتىق چەكلىدى. ھىندى دىنى قائىدىلىرىگە ئېتىقاد قىلىدىغان مۇھاجىرلارنى خىرىستىئان دىنىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە توي قىلىشقا مەجبۇرلىدى. بۇنداق ئاشكارا ھاقارەتكە ھەقىقەتەن چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن گەندىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈرىشى باشلاندى.

گەندى ئۆزى يازغان «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى» دېگەن كىتابتا بۇلارنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ بەرگەن. گەندى بىر پىدائىيلار كىچىك ئەترىتىگە بۇيرۇق قىلىپ، ھىندىلار رۇخسەتسىز ترانسۋالغا كىرىشكە بولمايدۇ، دېگەن مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى نەزەرگە ئالماي چېگرىدىن كىردى. ئۇلار قولغا ئېلىندى ۋە

نەزەربەند قىلىندى. يەنە بىر ئەترەت ئادەم ناتالغا كىرىپ ھىندىستان تەۋەلىكىدىكى كان ئىشچىلىرىنى ئىش تاشلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئىش تاشلاش كۈرىشى كېڭىيىپ كەتتى، دائىرىلەر دەھشەتلىك ئۈچ ئېلىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، كان ئىشچىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يۇرت ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى.

گەندى ئارقىسىغا قايتماي، نەچچە مىڭ ئاممىنى تەشكىللەپ، ترانسۋالغا بېرىپ، كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ باردى. نۇرغۇنلىغان ئاياللار بوۋاقلىرىنى كۆتۈرۈپ بۇ سەپكە قوشۇلدى.

گەندى تۆت كۈن ئىچىدە ئۈچ قېتىم قولغا ئېلىندى. شۇنداق بىرقانچە ئايلىق يالغۇز نەزەربەند قىلىنىشقا ھۆكۈم قىلىندى. بىراق، بۇ ئەھۋال نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە تېخىمۇ ئىلھام بەردى. ئاخىرىدا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قورال كۈچى ئارقىلىق نامايىشچىلار قوشۇنىنى دەھشەتلىك باستۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ باستۇرۇش ۋاسىتىسى ئىنتايىن ۋەھشىي بولۇپ، ھەتتا ئەنگلىيىلىك لورد خاردىڭنىڭ ئاشكارا ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىك تۆمۈريول ئىشچىلىرى ئىش تاشلاشقا باشلاپ، دائىرىلەرگە بېسىم ئىشلەتتى، جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى ناھايىتى زور كىرىزىسكە دۇچ كەلدى. بىراق، ئاق تەنلىك ئىشچىلارنىڭ ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى، گەندى ئويلىمىغان ھەرىكەت قوللىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنى چۈشەندۈرۈش ناھايىتى ئوڭاي ئىدى، ئۇ قارىغۇنى ياردا قىستاشنى رەت قىلغانىدى.

بۇ قارار ئويلىمىغان يەردىن ئۈنۈم بېرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ دۈشمەنلىشىش كەيپىياتى پەسەيدى. بىرقانچە قېتىملىق سۆھبەت ئارقىلىق گەندى جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى: ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۈچ

www.uyghurkitap.com

فوند ستېرلىڭلىق ئادەم بېجىنى بىكار قىلدى، شۇنداقلا ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە دىنىي ئۇسۇلى بويىچە توي قىلىشى چەكلەنمەيدىغان بولدى. بىراق، گەندىمۇ باشقا جەھەتلەردىن بىرئاز يول قويدى.

ئىككى تەرەپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ كېلىشىمنىڭ ھاسىل قىلىنىشى «غەلىبىسىز» نەتىجە ئىدى.

گەندى ئېلىپ بارغان ئالاھىدە كۈرەشنىڭ غەلىبىسىدىن ئىككى تەرەپ تەڭ بەھرىمەن بولدى، بۇمۇ ئۇنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدە يېرى ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ غەلىبە قورال كۈچى ئىشلىتىپ قارشى تەرەپنى مەغلۇپ بولۇشقا مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ۋە سەمىمىيلىك ئارقىلىق قارشى تەرەپنى قايىل قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش يولى بىلەن قولغا كەلگەن. ئەلۋەتتە، بۇ خىل كۈرەش شەكلىنىڭ چەكلىمىلىكىنى كۆرۈۋېلىشمۇ تەس ئەمەس.

گەندى جەنۇبىي ئافرىقىدا 20 يىل كۈرەش قىلىپ، 1914 ـ يىلى پۈتۈن قىزغىنلىقىنى سەرپ قىلغان ھەم ھەققەتنى تاپقان بۇ تۇپراق بىلەن ئاخىر خوشلىشىپ، دۆلىتىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

شۇ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى.

# ئون بىرىنچى باب  ھىندىستانغا قايتىش

1893 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ياش، كۆپ ئىش كۆرمىگەن، شۇنداقلا قىلچە تەجرىبىسى يوق ۋە ئوڭاي خىجىل بولىدىغان بىر ھىندىستانلىق يىگىت كىشىلىك ھاياتىنىڭ چىقىش يولىنى ئىزدەپ ئۇچۇن جەنۇبىي ئافرىقىغا بارغانىدى.

20 يىلدىن كېيىن، ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىش يولىدا پۈتۈن بەدىنى تاتۇقلار بىلەن تولغان گەندى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. بۇ 20 يىل داۋامىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىنى سەرپ قىلىپ ۋە غايەت زور بەدەل تۆلەپ، ئۆزىنىڭ قەتئىي ئېتىقادى ۋە ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنتايىن زور بايلىق تاپتى، بۇ بىر خىل بىباھا گۆھەر ئىدى، شائىر تاگور بۇنى «قەلەندەرنىڭ تونى ئاستىدىكى ئۇلۇغ روھ» دەپ ئاتىدى.

ئۇ دۆلىتىگە ئەمدىلا قايتىپ كەلگەچكە، دۆلەت ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى ئانچە چۈشەنمەيتتى، دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى چۈشىنىشكە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنى ئايلىنىپ چىقىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسىنى كۆپرەك ئاڭلاپ باقماقچى بولدى.

بىر يىل سەيلە ـ ساياھەت قىلغاندىن كېيىن، گەندى ئەخمەتئاباد شەھىرىدە تۇرۇپ قالدى ھەمدە بۇ يەردە ئۆزىنىڭ «تەپسىرخانىسى»نى قۇرۇپ، ئۇنى «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ھەمكارلاشماسلىق «تەپسىرخانىسى» دەپ ئاتىدى. بۇ يېڭى لاگېردا 20 نەپەر ئوخشىمىغان جىنستىكى ۋە ياشتىكى كىشىلەر تۇراتتى، ئۇلار ھەقىقەتكە سادىق بولۇش، نەپسىنى يىغىش، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ۋە باشقىلار ئۈچۈن سەمىمىي مۇلازىمەت قىلىشقا

قەسەم بەرگەندى.

بۇ «تەپسىرخانا»نى تەڭدىشى يوق، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىبادەتخانىسى دېيىشكىمۇ بولاتتى.

گەندى 1910 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق نۇتقىنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ قېتىمقى نۇتقىدا كاتتا كىيىنىشكەن ئاقسۆڭەكلەرگە: «سىلەر ئۈنچە ـ مەرۋايىتىڭلارنى ئېلىۋەتمىسەڭلار ھىندىستاننى قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆچلۈك مۇراجىئەت قىلدى.

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان گەندى ۋەتەنگە قايتىپ بىر يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۆرىشىنى يەنە باشلىۋەتتى.

ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ «تەپسىرخانا»سىدىن خەۋەر ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى ۋەزىيەتكە دىققەت قىلدى. بۇ چاغدا بىخار ئۆلكىسىنىڭ سانباران رايونىدىكى بىر دېھقان گەندىنىڭ زىيارەت قىلىپ كېتىشىنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلدى. گەندىمۇ يەرلىك دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە ئېكەنلىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، 1917 ـ يىلى سانباران رايونىغا باردى.

سانباران رايونى ئاساسلىقى قارا كۆك تېرىيتتى. بۇ يەردىكى ئىجارىكەش دېھقانلار يەرلىك قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە 12 قاتا يەر تېرىغاندا، بۇنىڭ ئۈچ قاتاسىغا پومېشچىكقا قارا كۆك تېرىپ بېرەتتى. بۇ تۈزۈم «ئۈچ قاتا» (ئۈچ قاتا بىر ئىنگلىز موسىغا تەڭ) دەپ ئاتىلاتتى.

گەندىنىڭ مەقسىتى سانباران دېھقانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ قارا كۆك ئېكىنزار خوجايىنلىرىغا بولغان نارازىلىقىنى چۈشىنىش ئىدى. ئۇ مۇشۇ مەقسەتتە نەچچە مىڭلىغان دېھقان بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئەسلىدە يەرلىك ئەمەلدارلارنى چىن كۆڭلىدىن زىيارەت قىلماقچىدى، لېكىن

يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ پوپوزىسىغا ئۇچرىدى. گەندى دېھقانلارنىڭ ئېغىر سېلىق ئاستىدىكى ئازابلىق نالىسىنى ئاڭلىغان تۇرسا، بۇنداق پوپوزىلاردىن قورقۇپ قالاتتىمۇ؟ !

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرلىك ساقچىنىڭ ئۇنى ئىككىنچى كۈنى سوتقا چاقىرتقانلىق توغرىسىدىكى چاقىرىقنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئىككىنچى كۈنى، نەچچە مىڭلىغان دېھقان سوتقا بېرىپ ئېتىراز بىلدۈردى. قورقۇپ كەتكەن سوتچى سوت قىلىشنى كېچىكتۈرگەنلىكىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا گەندىنى نائىلاج شەرتسىز قويۇپ بەردى.

گەندى تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن بۇ يەردىن كەتمىدى. بىر تەرەپتىن زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنىڭ پرىنسىپى ئارقىلىق دېھقانلارنى تەربىيىلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن پىدائىيلارنى تەشكىللەپ ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان دېھقانلارغا تازىلىق توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى ۋە بۇ يەردىكى كەمبەغەل بالىلار ئۈچۈن بىر مەكتەپ ئېچىپ بەردى. چۈنكى، ئۇ بىر مىللەت ئەركىنلىككە ئېرىشىمەن دەيدىكەن، ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىشى لازىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

گەندى دېھقانلارغا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا تەلىم بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماي، ئۇلاردىن ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتنى ئۆتەشنى تەلەپ قىلدى. مانا بۇ گەندىنىڭ خىزمەت پرىنسىپى ئىدى.

گەندىنىڭ خىزمىتى ئۇنىڭ غايىسى ۋە ئېتىقادى بىلەن زىچ باغلانغانىدى.

گەندى خەلق ئاممىسى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تەربىيىسىدە دېھقانلار ھەرىكىتى غەلىبە قىلدى،

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

گەندى سانباران رايونىدىكى خىزمىتىنى ئەمدىلا ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا، ئەخمەتئاباد شەھىرىدىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ جىددىي ياردەم سوراش خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، دەرھال «تەپسىرخانا»غا قايتتى. ئىشچىلار بىلەن توقۇمىچىلىق زاۋۇت خوجايىنى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش ئىنتايىن كەسكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشچىلارغا ئىش تاشلاشقا تەكلىپ بەردى، لېكىن ئۇلاردىن ئالدى بىلەن زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي كۈرەش قىلىش توغرىسىدا قەسەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىشچىلار ئۇنىڭ تەشەببۇسىغا قىلچە ئىككىلەنمەي قوشۇلدى.

لېكىن، ئىككى ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتۈپلا ئىشچىلارنىڭ كۈرەش قىزغىنلىقى ئاجىزلاشتى، جەڭگىۋارلىقى بارا - بارا تۆۋەنلەشكە باشلىدى. گەندى بەزىلەرنىڭ قەسەمگە خىلاپلىق قىلىپ، زورلۇق كۈچكە مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىنچىلىكىدىن ئەندىشە قىلدى. ئاچلىق تەھدىتى ئىشچىلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرگەندە، شۇنىڭ بىلەن گەندى ئاچلىق ئېلان قىلىپ، ئەگەر كېلىشىم ھاسىل قىلىنمايدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ ھەرگىز تاماق يېمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئىشچىلارنىڭ بۇ ئىشتىن بېشى قاتتى، ئۇلار گەندىگە: «تاماق يېمەسلىكىڭىزگە تېگىشلىككەلەر سىز ئەمەس، بەلكى بىز» دېدى. ئەمما، گەندى ئۇلارنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشىغا قوشۇلمىدى، ئۇ: «ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك توغرىسىدا بەرگەن قەسىمىڭلارغا سادىق بولساڭلار، مەن رازى بولىمەن» دېدى. توقۇمىچىلىق زاۋۇتى خوجايىنلىرى تېخىمۇ ھەيران قالدى. ئۇلار مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىپ، ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان ئەھۋالدا، ئىلاجىسىزلىقتىن ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىشچىلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

ئاچلىق ئېلان قىلىش گەندىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى قىيىن

ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەتتى ھەمدە ئۇنى يار ـ يۆلەكسىز قالغان ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇراتتى. ئۆزىگە ئۆزى تاپقان بۇ خىل ئازاب ئۇنىڭغا بىر خىل روھىي جەھەتتىكى يۈكسىلىشنى ئەكېلەتتى، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇ رەقىبىنى ئەخلاق جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. شۈبھىسىزكى، ئاچلىق ئېلان قىلىش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تەسىرلەندۈرەتتى ۋە يۇمشىتاتتى، چۈنكى بۇ باشقىلار ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن ئازابلىنىدىغان ئىش ئىدى، ئۇنىڭ ئۇنۇمىمۇ بىر خىل مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغانىدى. ئەگەر مەجبۇرلاش ۋەھشىيانە كۈچ ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى رەھىمدىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلسا، ئۇنى مەجبۇرلاش دېگىلى بولمايتتى.

بۇ قېتىمقى كۈرەش ئەمدىلا ئاياغلىشىشىغا، گۇجراتتىكى يەر مۇلۇكچىلىك ماجىراسى يەنە گەندىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ كېچىلەپ يول يۈرۈپ يەنە ئۇ يەرگە بېرىپ، قەھەتچىلىك ۋە زىرائەتلەر بولمىغانلىق تۈپەيلىدىن دېھقانلارنىڭ ئاچارچىلىق تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئەمما، دائىرىلەر يەنىلا دېھقانلاردىن مەجبۇرىي ھالدا باج ۋە ئىجارە يىغىۋاتقانىدى.

گەندى يەنە بىر قېتىم دېھقانلارغا ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىپ، دېھقانلارنى قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. نەتىجىدە، بارلىق دېھقانلارنى ئۇنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دائىرىلەرگە باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. تۆت ئايدىن كېيىن، دائىرىلەر نامرات دېھقانلاردىن باج ۋە ئىجارە ئېلىش توغرىسىدىكى قارارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. گەندى دېھقانلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايانغاندىلا ئاندىن ئۆزىنى قۇتقۇزغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن كۆردى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

# ئون ئىككىنچى باب ئىمپېرىيىگە سادىق بولۇش

دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئوتى يەنىلا ياۋروپادا يامرىماقتا ئىدى. ئەنگلىيە خەۋپ ئىچىدە تۇراتتى. ئەنگلىيە پادشاھى نېمىسلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. بۇ چاغدا ئەنگلىيە پادشاھى ۋە ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى باش ۋالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ بېقىندى مۇستەملىكىسى ھىندىستاننى ئېسىگە ئالدى. ھىندىستاننىڭ باش ۋالىيسى ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى داھىيلارنى يېڭى دېھلىغا ئۇرۇش يىغىنىغا تەكلىپ قىلدى، گەندىمۇ تەكلىپكە بىنائەن بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

گەندى باش ۋالىيغا ئەسكەر ئېلىش توغرىسىدىكى پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مەملىكەت بويىچە يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ گويا ئۇنىڭ قورال كۈچى ئىشلەتمەي جەڭ قىلىش ھەرىكەت مىزانىغا خىلاپتەك قىلاتتى، ئەمما گەندىنىڭ چۈشەنچىسى مۇنداق: «ئەنگلىيە ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە چىقىرىلغان ئەڭ يامان قارار پۈتۈن ھىندىستاننى قورالدىن مەھرۇم قىلىش بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ھىندىستان خەلقى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، بۇ خىل زۇلۇم قۇدرەتلىك قورال كۈچىنى ئارقا تىرەك قىلغان. ئەگەر بىز بۇ قارارنى بىكار قىلساق، مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزى ياخشى پۇرسەت. ئەگەر بىز ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ياردەم قىلالىساق، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنمەسلىكنى تۈگەتكىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقىمىز قورالنى قانداق ئىشلىتىشنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ.»

گەندى جەنۇبىي ئافرىقىدىن دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتتە بولدى. ئۇ مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە مىللىي مۇستەقىللىق ئوتى ئاللىقاچان تۇتاشقانىدى، پىلانلىرى بىر ـ بىرلەپ ئىشقا ئېشىۋاتاتتى. ئۇ ئەنگلىيە خەۋپتە قالغان پەيتتە، ئۇلارنى كۈچلۈك ھالدا قوللىيالىسا، ھىندىستاننى يېقىن كەلگۈسىدە ئەنگلىيىنىڭ ئاپتونومىيىلىك ئورنىغا ئىگە بولغان باراۋەر ھەمراھىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى.

گەندى جاھىللىق بىلەن شۇنداق دەپ قارىدىكى، ئەگەر پۈتۈن ھىندىستان خەلقى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن، قۇربان بېرىشتىن قورقماي ياردەم بېرىپ، ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ كۈرىشىنى قوللىيالىسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارزۇسى ئۇزاققا بارمايتتى.

شۇنىڭ بىلەن گەندى ئۆزىنىڭ ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىشىنى باشلىۋەتتى. ئۇ بۇ قېتىم ئەنگلىيىنىڭ سېرژانت دەرىجىلىك ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئوفىتسېرى سالاھىيىتى بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ ئالدىغا چىقتى. گەندى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن بۇ قارارنى چىقارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نىيىتىنى ياخشى دېيىشكە بولاتتى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدۋارلىقى رەھىمسىز زەربىگە ئۇچرىدى.

كەڭ خەلق گەندىنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشەنمىدى، گەندىنىڭ قانداق مەسىلىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئويلاپ يېتەلمىدى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇلار گەندىنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى ئىدى.

بەزىلەر گەندىدىن بىۋاسىتە سورىدى: «سىز زورلۇق كۈچ ئىشلەتمىگۈچى بولۇپ تۇرۇقلۇق، قانداقمۇ بىزنى قاتىللىق قورالىنى قولغا ئېلىشقا دەيسىز؟»، «ئەنگلىيە بىز ئۇلارنى

قولللىغۇدەك ھىندىستانلىقلارغا نېمە ياخشى ئىش قىلىپ بەردى؟»

كىشىلەر گەندىنىڭ خىزمىتىگە نىسبەتەن بىمراقلىق ھەمكارلاشماسلىق پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. گەندى پەيتتىن ئىجارە ئالالمىدى، پىدائىيلار ئۇنىڭ خىزمىتىگە تېخىمۇ ھەمكارلاشمىدى. لېكىن، گەندى روھسىزلانمىدى.

گەندى ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ھەرىكىتىنى ئەزەلدىن توختاتمىدى.

ئۇ پىيادە يول يۈرۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى ھەمدە ئۆزى ئوزۇق تەييارلاپ، ھەممىلا يەردە تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىپ، كۆپچىلىككە ئۆز تەشەببۇسىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭ خىزمەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى ئاخىر ئۈنۈم بېرىپ، ئارمىيىگە قاتنىشىشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلىدىغانلار ئاستا ـ ئاستا كۆپىيىشكە باشلىدى.

گەندى ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە مۇنداق باھا بەرگەن: «بۇ قېتىمقى ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى مەن شۇغۇللانغان خىزمەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ جاپالىق خىزمەت بولدى.»

بۇ قېتىمقى ھەرىكەت ئارقىلىق گەندى مۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشىنىۋالدى: ئۇنىڭ خەلقىنىڭ تىنچلىق سۆيۈش ھەرىكىتى زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىگە نىسبەتەن قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان ئېتىقادقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن ئىدى. ئۇلار ھەقىقىي ئۇرۇش قىلىشتىن قورقاتتى. ئۇ ھىندىستان خەلقىنىڭ بەكلا ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ دۆلىتى يېڭىۋاشتىن كۈچ ـ قۇدرەتكە ئېرىشىش لازىملىقىنى، بولمىسا بۇ مىللەتنىڭ يوقىتىلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ھېس قىلدى.

بۇ خىل كۈچ قولىغا قورال ئېلىپ، قايتىدىن جەڭ قىلىدىغان كۈچىنىلا كۆرسەتمەيتتى. گەندىنىڭ ئىدىيىسىدە، ئۇ يەنە بىر خىل

مەنۋى كۈچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئەمەلىيەتتە، بۇ مۇھەببەتنى زورلۇق كۈچنىڭ ئورنىغا قويىدىغان بىر خىل كۈچ ئىدى. گەندى ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل قانۇنىيەت، ئۇ ئۆمۈر بويى پايدىلىنىپ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىدىغان، شۇنداقلا ئۆزىدىن ھالقىپ كېتەلەيدىغان بىر خىل قانۇنىيەت ئىدى. گەندى خەلق ئاممىسى ئالدىدا بۇ قانۇنىيەتنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى ھەمدە قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان كىشىلەرگە ئۇنى تونۇشتۇردى.

مانا بۇ گەندىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنى ئايلىنىپ، قاتنىشىشقا بولىدىغان بارلىق يىغىلىشلارنىڭ ھەممىسىگە قاتنىشىشىدىكى ۋە ئۆز تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىشتىكى مەقسىتى ئىدى. ئۇ پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ بۇ مىزانىنىڭ چەكسىز ئەۋزەللىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى.

گەندى ئۆز خەلقىگە مۇھەببەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى، مۇھەببەتنى زورلۇق كۈچ ئورنىغا قويۇشنى تىنىماي تەشۋىق قىلدى.

بۇ قېتىمقى ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى شۇنچە جاپالىق بولدىكى، ئاخىرىدا گەندىنىڭ سالامەتلىكى بەكمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى، ئېغىر نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئاساسەن ئۆلۈم تەھدىتىگە دۇچ كېلىپ قالدى.

«مۇھەببەتنى زورلۇق كۈچنىڭ ئورنىغا قويۇش» شوئارى گەندىنىڭ ھەرىكەت مىزانى ئىدى، ئەمما جاھانگىرلارنىڭ زۇلمىنى يەتكۈچە تارتقان كەڭ ھىندىستان خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ كەڭ خەلقنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى تۇرغان گەپ ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئون ئۈچىنچى باب مۇھەببەتنى زورلۇق كۈچنىڭ ئورنىغا قويۇش

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، ئەنگلىيە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەت بولدى. بۇ ھىندىستان خەلقىگە مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ئۈمىدى ئەكەلدى. دەل مۇشۇ ئۈمىد ئۈچۈن گەندى خەلقنى ئەنگلىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بېرىشكە چاقىرغانىدى. ھىندىستان خەلقى ھەقىقەتەن بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ قۇربان بەردى.

گەندى سالامەتلىكى تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمەي تۇرۇپلا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ «لاۋرات قانۇنى لايىھىسى»نى ئېلان قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇ قانۇن لايىھىسىدە بومبايدا ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن مۇستەقىللىق ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن لاۋرات كومىتېتى قۇرۇلغانلىقى، بۇ كومىتېت قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، ھىندىستان خەلقىنى پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلالايدىغانلىقى، «جىنايەتچىلەر»نى سوت قىلمايلا نەزەربەند ئاستىغا ئالالايدىغانلىقى بەلگىلەنگەنىدى.

ئىنگلىزلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي يەنە بىر قېتىم گەندىگە خىيانەت قىلدى. بۇ خىل خىيانەت گەندى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى بىر قوزغىتىش بولۇپ، گەندىنى ئۈمىدسىزلىكتىن خالاس قىلدى، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتتى. گەرچە سالامەتلىكى بىر ئاز ياخشىلىنىپ ئەمدىلا ئۆلۈم گىردابىدىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا دەرھال كۆرەشكە ئاتلاندى.

گەندى دەرھال يىغىن ئېچىپ، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش مەجلىسى قۇردى، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنى

تەييارلاپ ۋە ماقۇللاپ، باش شتابىنى بومبايدا قۇردى. گەندى يەنە بىر قېتىم زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش مەجلىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. ئۇ مەجلىس ئەزالىرىنى تەشكىللەپ تەشۋىقات ۋەرەقىسى بېسىپ تارقاتتى، ھەممىلا يەردە يىغىن تەشكىللەپ، بۇ قانۇن لايىھىسىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

گەندى دېھلىغا بېرىپ، پارلامېنتنىڭ قانۇن چىقىرىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھىندىستان رەھبەرلىرىنىڭ كۈچلۈك سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇلار ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ بۇ قانۇننى بىكار قىلىشىنى تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا بۇ قانۇننىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئەكېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى ئاگاھلاندۇردى.

گەندى بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندى.

لاۋرات قانۇن لايىھىسى پۈتۈن ھىندىستانغا ئاللاقاچان تارقالغان بولغاچقا، مەملىكەت بويىچە كۆرەشنى قانات يايدۇرۇش زۆرۈر ئىدى. گەندى قاتتىق ئويلاندى، خەلقنىڭ خىرىس قىلىش ئىرادىسىنى قوزغاش، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە خەلقنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش كەيپىياتىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، گەندى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بازار تاشلاشقا چاقىردى.

زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى بىر خىل ئۆز ـ ئۆزىنى پاكلاشتۇرىدىغان جەريان، شۇنداقلا بىر خىل مۇقەددەس كۆرەش ئىدى. گەندىنىڭ قارىشىچە، ئىشنىڭ دەسلىپىدە ئۆز ـ ئۆزىنى پاكلاشتۇرىدىغان بىر خىل ھەرىكەت بولۇشى لازىم ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئوخشاش بىر كۈندە ئىش توختاتسا، شۇنداقلا ئاچلىق ئېلان قىلسا ۋە ئىبادەت قىلسا، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ پرىنسىپىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلەتتى.

ئۇنىڭ پىلانىنىڭ بىرىنچى قەدىمى پۈتۈن مەملىكەتنى ئەنگلىيە ماللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك بايقۇت قىلىش ھەرىكىتى

ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىش بولدى. پىلانغا ئاساسەن، 1919 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بايقۇت قىلىش ھەرىكىتى كۈنى قىلىپ بېكىتىلدى، كېيىن يەنە 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىشقا ئۆزگەرتىلدى.

1919 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بۇ كۈن ھىندىستان تارىخىدا مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان كۈن بولۇپ قالدى.

بۇ كۈنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇميۈزلۈك بازار تاشلاش ئېلىپ بېرىلىپ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك مەنزىرە بارلىققا كەلدى. بۇ كۈنى ئاممىنىڭ قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولدى، بازار تاشلاشنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى، كىشىلەر ئەمدى باستۇرۇلۇشتىن قورقمىدى، ھەتتا ئۆز رازىلىقى بىلەن تۈرمىگە چۈشۈپ، شۇ ئارقىلىق ئەنگلىيە پادىشاھىغا ئېتىراز بىلدۈردى.

يېڭى دېھلىدا، كىشىلەرنىڭ كۈچ كۆرسىتىش پائالىيەتلىرى ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچراپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

يېڭى دېھلىغا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە، گەندى قولغا ئېلىنىپ بومبايغا يالاپ كېلىندى. ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تېزدىن پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالدى. نۇرغۇن شەھەرلەردە تېخىمۇ زور غەزەپ پەيدا قىلدى ھەمدە ئارقا ـ ئارقىدىن زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ھەرىكەتلىرى پارتلىدى.

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تېخىمۇ زور توقۇنۇش پەيدا بولۇشتىن ئەنسىرەپ گەندىنى قويۇۋەتتى.

زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ھەرىكەتلىرى پەيدا بولغاندىن كېيىن، گەندى ئىنتايىن ئازابلىنىپ، ئۆزىنىڭ «ھىمالايا تېغى» دەك زور خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلدى. ئۇ خەلقنى مەدەنىيەتلىك ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىشتىن ئىلگىرى، ئۆزىنىڭ ھەمكارلاشماسلىق ۋە بويسۇنماسلىق دېگەنىنىڭ مەدەنىيەت مەنىسىنى يەنىلا ئانچە

چۈشەنمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئالدى بىلەن ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن، قەلبى پاك ھەم زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ قاتتىق پرىنسىپلىرىنى تامامەن چۈشىنىدىغان پىدائىيلارنى بەرپا قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ مۇشۇ ئويلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بومبايغا بېرىپ، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىچكى مەنىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان كىچىك كىتابچە بېسىپ تارقاتتى. شۇنداقلا شۇ يەردىكى زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش مەجلىسى ئارقىلىق بىر پىدائىيلار ئەترىتى قۇرۇپ، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش پرىنسىپىنى قانداق ئۈنۈملۈك تەتبىق قىلىش جەھەتتە خەلقنى تەربىيىلەشكە باشلىدى.

زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ھەرىكەتلىرى يەنە بىر قېتىم پەيدا بولغان چاغدا، گەندى زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى توختىتىپ قويدى. شۇنداقلا ئۆزى ئويلاپ يەتمىگەن ئاممىنىڭ سەۋەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى جازالاپ ئۈچ كۈن ئاچلىق ئېلان قىلدى.

ئەمما، گەندىنىڭ قىلغانلىرى ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ھەرىكەت ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى تەسىرلەندۈرەلمىدى. گەندىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشى «مۇھەببەتنى زورلۇق كۈچنىڭ ئورنىغا قويۇش» مۇمكىنچىلىكىنى يارىتالمىدى. ئەكسىچە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ خىل ۋەزىيەتنى كۆرۈپ، «ۋىجدانى» ئازابلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، تېخىمۇ قاتتىق جازالىدى. 1919 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئامرىتساردا، پانجاپ شتاتىدا يەنە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، نەچچە مىڭلىغان كىشىنى قىردى. بۇ كۈن ھىندىستان تارىخىدا ئەڭ زۇلمەتلىك

بىر كۈن بولۇپ قالدى.

بۇ كۈن ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستان خەلقىنىڭ رايىدىن تەلتۆكۈس مەھرۇم بولغانلىقىدىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلار بىناسىدا ئەجەللىك يېرىق پەيدا بولغانلىقىدىن، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىڭىشىپ قېلىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ھىندىستان خەلقى مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش مارشىنى ياڭراتتى، مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش ساداسى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى.

# ئون تۆتىنچى باب مۇقەددەس قەھرىماننىڭ دۇنىياغا كېلىشى

پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشى گەندىنىڭ بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىگە سادىق بولۇش ئېتىقادىنى ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران قىلدى. ئۇ ئېنىق ھالدا ئۇنى گويا يەنىلا غەرەز ئۇقمىدىغان خەير - ساخاۋەتلىك ھۆكۈمرانلىقتەك قاراپ كەلگەنىدى، ئەمدى ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ئاخىر ئاشكارىلىدى. «خەلقنىڭ رايىغا ياقمايدىغان» ھەربىر ھىندىستانلىق بۇنداق ھۆكۈمرانلىق بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلاتتى.

گەندى ئېنىق ھالدا مىللەت ئادەمگە ئوخشمايدۇ، ئۇ ئاجىز بولسا ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ 1909 - يىلى نەشر قىلىنغان «ھىندىستان ئاپتونومىيىسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: «بىز ئۆزىمىز ھىندىستاننى ئىنگلىزلارغا ھەدىيە قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ بىزدىن قۇدرەتلىك بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئۇلارنى باققانلىقىمىزدىن بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر ھىندىستان ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى مەملىكەت بويىچە توختىتىدىغان بولسا، ئۇلار مۇقەررەر ھالدا گۇمران بولۇپ، ھىندىستاننىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ.»

گەندى ھىندىستان كونگرېسلار پارتىيىسىگە ئۆز تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى: ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە ئەنگلىيە ئورگانلىرىدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلار تورى

ئادۋوكاتلار ئەنگلىيىچە سوتقا قارشى تۇرۇش، ئوقۇغۇچىلار ئىنگلىزلار ئاچقان مەكتەپلەردە ئوقۇشنى رەت قىلىش، مەملىكەت بويىچە ھەممە كىشى ئەنگلىيە ماللىرىنى بايقۇت قىلىش، بارلىق كىشىلەر ۋەتەننىڭ سادىق خىزمەتكارى بولۇش، ئائىلىنىڭ ئىختىيارى ھالدا زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ جەڭچىلىرىدىن بولۇپ، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىم.

گەندىنىڭ تەشەببۇسى خەلقنىڭ كۆڭلىگە شۇنداق ياقتىكى، پۈتۈن مەملىكەت بۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، خەلق ئارىسىدا مىسلىسىز قىزغىنلىق قوزغالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا گەندى ئۆزىنىڭ كۈرەشتىكى رەھبەرلىك ئورنىنى تۇرغۇزۇپ، خەلق كونگىرېسلار پارتىيىسىنى ئاساسەن يېڭىۋاشتىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، ئۇنىڭ ئۆزى ئۆلگە بولۇشنىڭ تەسىرىدە، ئەسلىدە مۇبالىغە قىلىشنىلا بىلىدىغان سىياسەتۋازلارمۇ باتۇر ھەم پاراسەتلىك جەڭچىگە، ئىلگىرى ئىنگلىزلىشىپ كەتكەن ئاقسۆڭەكلارمۇ ئۈچىسىغا يەرلىك ئاق رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىغان خەلق خىزمەتكارلىرىغا ئۆزگەردى.

ھەقىقىي مۇقەددەس قەھرىمان دۇنياغا كەلدى.

گەندى پۈتۈن ھىندىستاننىڭ مۇناسىپ خەلق داھىيسىغا ئايلاندى.

گەندى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىش قىلىش پرىنسىپىغا قاتتىق رىئايە قىلاتتى، ئەزەلدىن قارىغۇنى ياردا قىستىمايتتى. ئۇ ھەر قېتىم رەقىبىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن رەقىبىگە ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتاتتى.

ئىلگىرىكى بۇئېر ئۇرۇشىدا، گەندى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ئۆزلۈكىدىن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «تىنچلىق ئوردېنى» بەرگەنىدى. ئۇ بۇ ئوردېننى ئەنگلىيە پادىشاھىغا قايتۇرۇپ بەردى ھەمدە مۇنداق

دەپ سۆز قوشۇپ قويدى: «مەن ئەمدى قەبىھ ھەرىكەتلەرنى قوغداش ئۈچۈن بارغانسېرى ئەخلاقسىز بولۇپ كەتكەن ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلالمايمەن.»

ئۇنىڭ چاقىرىقى بىلەن، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگانلىرىغا ئىشقا بارمىدى، ئادۋوكاتلارمۇ ئىشلىمىدى، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە بارمىدى، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان شەھەر ئاھالىلىرى يېزىلارغا بېرىپ دېھقانلارنىمۇ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا چاقىردى.

ھىندىستان خەلقى ئويغاندى. ئۇلار خۇددى نەچچە ئەسىر غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان ئەركەك شىردەك ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ھۆركىرەپ، توسقىلى بولمايدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولدى. ئۇلار قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، مىللەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇردى.

ھىندىستاننىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا، ھەممىلا يېرىدە كىشىلەرنىڭ چەت ئەل كىيىملىرىنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. بارلىق كىشىلەر، باي ـ كەمبەغەل، ياش ۋە جىنس ئايرىماي، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىرلەشكەن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى مىسلىسىز بىردەك ئىتتىپاقلاشقانىدى.

گەندىنىڭ غايىسى ئاخىر ئىشقا ئاشقاندەك قىلاتتى، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىدە ئاساسەن مۆجىزە يۈز بەرگەندەك قىلاتتى. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىر يىل ئىچىدىلا ئۇنۇم بەردى. خەلقتە ئەمدى قورقۇنچ قالمىغانىدى، بۇ دەل گەندى چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ۋە ئويلىغان مىللىي ئاپتونومىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى ئىدى.

دەل داغدۇغىلىق ھەرىكەت پۈتۈن مەملىكەتتە قىزغىن كەيپىياتتا قانات يېيىۋاتقان چاغدا، ھىندىستاننىڭ شىمالىدا يەنە

خەلق تويىلىكى يۈز بېرىپ، بىر ساقچى ئىدارىسى كۆيدۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ قېتىمقى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ھەرىكىتى گەندىنىڭ پىلانىغا يەنە بىر قېتىم قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ قارشى تۇرغىنىغا قارىماي، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى كەسكىن توختاتتى. بۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئىنتايىن پايدىسىز تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئۇسۇل خەلقنىڭ كۈرەش قىزغىنلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ داھىيغا بولغان ئىشەنچىنى تەۋرىتىپ قويدى. ئەمما، گەندىنىڭ بۇلار بىلەن كارى بولمىدى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇ موھتاج بولغان بىردىنبىر گۈزەل ئەخلاق زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك، يەنى مۇھەببەتنى زورلۇق كۈچنىڭ ئورنىغا قويۇش ئىدى.

لېكىن، بۇ ئاقىلانە بولمىغان بىر قارار بولۇپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە پايدىلىق پۇرسەت بېرىپ قويغانىدى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، گەندى ئۇشتۇمتۇت قولغا ئېلىندى. گەندى بۇ ئىشقا ئىنتايىن خۇشال بولدى.

سوتتا گەندى مەردانىلىك بىلەن ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئەنگلىيىگە سادىق ئادەمدىن باتۇر ئاسىيغا ئايلانغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ ئەنگلىيىلىك سوتچىغا مۇنداق دېدى: «ھىندىستان بەك نامرات، ئۇ قورالسىزلاندۇرۇلغان، سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرالىغۇدەك ھېچقانداق كۈچى يوق، ھەتتا ئۇنىڭ ئاپەتكە قارشى تۇرۇش كۈچىمۇ ئىنتايىن ئاجىز. شەھەرلەردە كەڭ دېھقانلارنىڭ ئاچارچىلىق دەستىدىن ھالاكەتكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئېرىشكەن تاپان ھەققى بەدىلىگە راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. بۇ تاپان ھەقلىرى دەل ئۇلارنىڭ

قېرىنداشلىرىدىن شىلىۋېلىنغان. ئەگەر سىلەر يېزىلارغا بېرىپ ھازىرقى ئېچىنىشلىق ھالەتنى كۆرۈپ باقمىغان بولساڭلار، شۇ چاغدا خۇدۇڭلارنى تاپىسىلەر...» بۇ قېتىمقى نۇتۇق شۇنداق ياخشى سۆزلەندى، نۇرغۇن كىشىلەر قاتتىق تەسىرلەندى.

ئاخىرىدا، ئۇ ھەققانىي ۋە كۆچلۈك سۆزلەر بىلەن مۇنداق دېدى: «مېنى قاتتىق جازالىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن ھەم خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن، بۇ قانۇندا قەستەن جىنايەت سادىر قىلغانلىق دېيىلىدۇ، لېكىن مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ بىر پۇقرا ئىگە بولغان ئەڭ ئالىي شان ـ شەرەپتۇر !»

گەندىگە ئالتە يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىشى
www.uyghurkitap.com

# ئون بەشىنچى باب مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش

گەندى تۈرمىگە ئېلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، ئېغىر سوقۇر ئۈچەي يالللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ، ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كەلدى. ئوپېراتسىيىدىن كېيىن سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى.

گەندى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، مەيۇسلىنىش ۋە ئېچىنىش ھېس قىلدى. ئىككى يىل ئىلگىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغانىدى. ئەمما ھازىر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىنى قالايمىقانچىلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك، جاھاندىن جاق تويۇش كەيپىياتى قاپلاپتۇ.

گەندى زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتى قوشۇنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىجادچانلىق كۈچىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدا، گەندى ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىشنى توختىتىپ، ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە يۆتكىدى. ئۇ بىر تۈركۈم پىدائىيلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، كەڭ يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئومۇملاشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى، ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەر ـ ئاياللار باراۋەر بولۇش، قارا خەلق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. گەندىنىڭ ئىدىيىسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۈكسىلىش بولدى.

ئۇنىڭ ئېتىبار بېرىدىغىنى ئەمدى ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى كۆزلەشلا بولماستىن، مىللەتنىڭ ساپاسىنى

ئۆستۈرۈپ، ھىندىستاننى بارلىق كىشەنلەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، سىياسىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنىمۇ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك ئىدى.

گەندى ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پۇختا قەدەم بىلەن ئەستايىدىل ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

ھىندىستان خەلقىنىڭ روھىي ھالىتى يەنە قايتىدىن جانلاندى. ئۇلار يەنە بىر قېتىم مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش ساداسىنى ياڭراتتى. بولۇپمۇ، ھىندىستاندىكى كەڭ ياشلار بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى، ئۇلارنىڭ غەيرىتى، ئۇلارنىڭ قايناق ھېسسىياتى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

1925 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنى گەندى تۈرمىدىن چىقىپ بەش يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ تەشەببۇسى يەنە كەڭ تەشۋىق قىلىنغان ھەم تولۇق جۇغلانمىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، گەندى يەنە بىر قېتىم ھىندىستاننىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىقتى. كونگىرېسلار پارتىيىسىنىڭ يىغىنىدا، گەندى خەلقنىڭ سىياسىي نىشانى تولۇق مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۇنىڭ يەنە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە قارشى ئاشكارا كۈرەشنى قانات يايدۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

گەندى مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

1930 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پۈتۈن ھىندىستان خەلقى تەنتەنىلىك ھالدا قەسەم بەردى. بۇ كۈن مۇستەقىللىق كۈنى قىلىپ بېكىتىلىپ، مەڭگۈ خاتىرىلىنىدىغان بولدى. يوقىرى كەيپىيات پۈتكۈل دۆلەتنى قاپلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دائىرىلەرگە بولغان قارشىلىقىنى يەنە بىر قېتىم قوزغىدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى نائىلاج قورال كۈچى

ئىشلىتىپ، يەنە بىر قېتىم خەلقنى باستۇردى. بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە، 100 مىڭغا يېقىن ئادەم تۈرمىگە تاشلاندى.

گەندى يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىندى.

بىراق، بۇ قېتىم ئەنگلىيىنىڭ قۇدرەتلىك دۆلەت ماشىنىسى نورمال ئايلىنالماي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

گەندى تۈرمىگە ئېلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن شەرتسىز قويۇپ بېرىلدى.

1939 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، گەندى يەنە بىر قېتىم چوڭ سىياسىي پاراكەندىچىلىك ئىچىگە كىرىپ كەتتى. خېيىمخەتەر خەلققە تەھدىت سېلىپ، مىللەت كىرىزىسكە دۇچ كەلگەن پەيتتە، ئۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ چەتتە قاراپ تۇرىدىغان ۋە رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئالغا بېسىش يولىدىكى قاتمۇقات توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىس ـ تۈتەك بىلەن قاپلانغان ئۇرۇش مەيدانلىرىغا بېرىپ، ئۆزى كۆرەش قىلىپ تاپماقچى بولغان ھەقىقەتنى ئىزدىدى.

لېكىن، ھازىر دۇنيا ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى، خەلق قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىۋاتاتتى، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى زادى نېمە؟ ئۇ گاڭگىراپ قالغانىدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى داۋامىدا، ئۇ بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىگە سادىق بولغانىدى. لېكىن، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىگە بولغان ھۆرمىتى ۋە ياخشى كۆرۈشى پۈتۈنلەي يوقالدى. ئۇ قىرغىنچىلىقتىن ئاللىقاچان يىرگەنگەن، بارلىق ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەبىھ قىلمىش ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىگە ئېتىقاد قىلاتتى. گەندىنىڭ قارىشىچە، ئىختىيارىي شەكىلدە ئۆلۈش ئۇسۇلى ئەڭ باتۇرانە ھەرىكەت ئىدى.

گەندىنىڭ ئىدىيىسىدە كەم ئۇچرايدىغان مەلۇم بىر خىل جانلىقلىق مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ مەلۇم بىر خىل ھەرىكەت

ئۇسۇلى ئارقىلىق پوتونلەت قارىمۇقارشى بولغان ئىككى تەرەپنى ئىپادىلىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلغان چاغدىمۇ: «ئەگەر قورقۇش بىلەن زورلۇق كۈچ ئىچىدىن بىرنى تاللاشقا توغرا كەلسە، مەن زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشنى تەكلىپ قىلىمەن» دېگەننى توختىماي تەكىتلىگەندى.

ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى قىسمىدا، ئاگاخان ئىسىملىك بىر داھىي بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆز خاھىشى بويىچە زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، «چېگرا رايوندىكى گەندى» دەپ نام ئالغانىدى. گەندى ئاگاخانغا مۇنداق دېدى: ئەگەر سىلەر زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ كۈچ ــ قۇدرىتىنى چۈشىنىدىغان بولساڭلار، ئۇنىڭ قورال كۈچىدىنمۇ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىلەر. ئەگەر سىلەر بۇنداق كۈچنىڭ سىرىنى تەلتۆكۈس چۈشەنمەي، قورال كۈچىدىن ۋاز كەچكەنلىكىڭلار ئۈچۈن جەڭگىۋارلىقىمىز كەمچىل بولۇپ قالدى، دەپ قارايدىغان بولساڭلار، ئۇنداقتا سىلەر زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك باياناتىڭلاردىن ۋاز كېچىپ، قولۇڭلارغا قورال ئېلىپ جەڭ قىلىڭلار.»

بۇ چاغدا ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداپ، ئۇرۇش ئەڭ دەھشەتلىك باسقۇچقا كىرگەنىدى. فرانسىيە ئىشغال قىلىۋېلىنغان، ئەنگلىيە ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان بولۇپ، جىددىي ياردەمگە موھتاج ئىدى.

ھىندىستان كونگىرېسلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ئەنگلىيىگە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى، لېكىن بىر شەرت، ھىندىستان ئەنگلىيە بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىششى كېرەك ئىدى.

بىراق، بۇ گەندىنىڭ شەرتسىز زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىنىڭ پرىنسىپىغا خىلاپ ئىدى، قايتا ــ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇ كونگىرېسلار پارتىيىسىدىكى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر باياسى

# ئون ئالتىنچى باب «سىلەر كېتىڭلار»

بۇ چاغدىكى ئەنگلىيە تېخىمۇ زور پالاكەت ئىچىدە قالغانىدى. ياپونلارنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى ھۇجۇمىنى توسۇش قىيىن ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ ئومۇمىي ئۇرۇش پىلانى ۋاقتىنچە باشقا بارلىق تەلەپلەرنى بېسىپ چۈشتى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ۋىنسونتون چېرچىل كرىپسقا ھىندىستانغا بېرىپ ھەرقايسى تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇپ، زىددىيەتنى پەسەيتىپ، ئىچكى بېسىمنى ئازايتىشقا ھوقۇق بەردى.

لېكىن، كرىپس ۋەزىيەتنى تۆۋەن مۆلچەرلىگەنىدى. ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن قىيىنچىلىققا بوغۇلۇپ قالغان بۇنداق ئەھۋالدا، قىلچە توسالغۇسىز ھالدا ئەنگلىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ زىددىيىتىنى ياراشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئەنگلىيىنىڭ ئابرۇيىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش پەقەتلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، كرىپسنىڭ مەغلۇپ بولۇشى چوقۇم ئىدى. ئۇنىڭ ياراشتۇرۇشقا كېلىشتىكى ئالدىنقى شەرتى ھىندىستاننى ئەنگلىيىنىڭ بېقىندىسى دەپ قاراش بولۇپ، ئۇنىڭ ئويىچە ھىندىستان خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىردىنبىر كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ھىندىستاننى ئوڭۇشلۇق ھالدا گوللاپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ئىدى، ھىندىستاننىڭ ئىستىقبالىنى ئەنگلىيە پەقەتلا ئويلاشمىغانىدى.

كرىپسنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئەنگلىيىنىڭ ئەخلاق ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتتىكى ئىناۋىتىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

سىرتتىن ياپونلارنىڭ تەھدىتى كۆچىيىۋاتقان، ئىچكى جەھەتتە مىللىي قوراللىق ئورۇشنىڭ ھەر ۋاقىت پارتلاش مۇمكىنچىلىكى بولۇۋاتقان بۇنداق قىيىن ئەھۋالدا، سوغۇق قان ھەم جاھىل گەندى شۇنىڭغا تېخىمۇ قەتئىي ئىشەندىكى، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ قىستىنىشىنى بىكار قىلىپ، ھىندىستاننى خەلققە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلا بولسا، ھىندىستان ھۆكۈمەتسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، خەلق بۇنداق قوش كىرىزىسنى يېڭىپ كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھازىر ئەۋج ئالغان بۇنداق كۈچسىزلىك ۋە جاھاندىن جاق تويۇش كەيپىياتىدىنمۇ كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان نەرسە يوق ئىدى.

گەندى تەشكىللىك بولغان زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئارقىلىق بۇ يامان كۆرۈش، ئالدىراقسانلىق قىلىش كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، كونترول قىلغىلى بولمايدىغان قالايمىقانچىلىق ۋە زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ھەرىكىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىشنى قارار قىلدى.

ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، گەندىنىڭ تەشەببۇسى ئەنگلىيىگە ھىندىستاننى كونگرېسلار پارتىيىسىگە ياكى ھىندى دىنىي مۇرىتلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئەمەس، بەلكى «خۇداغا ھاۋالە قىلىش» يەنى ھىندىستاننى ھۆكۈمەتسىز ھالەتتە قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش ئىدى. بۇنداق بولغاندا، ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر ھالدا ئۇرۇش بولاتتى. گەندى مىللەتمىز يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن چاغدا، بىر ئاقىلانە كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتى ئاخىر يۈز بېرىدۇ، دەپ قارايتتى.

1942 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گەندى خەلق كونگرېسلار پارتىيىسىنىڭ يىغىنىدا، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «ھىندىستاندىن چىقىپ كېتىش» دېگەن قارارنى ئوقۇدى. قاراردا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى

www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش تەكلىپى غەزەپلەنگەنلىكتىن پەيدا بولغان ئەمەس، ھىندىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى ھىندىستان خەلقىنى مىللەت ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلگەن پەيتتە، ئۆزلىرىنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىقمىغان ھەقىقىي جەسۇرلۇقى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ئۇرغۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ.»

گەندى كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشنى قارار قىلدى. ئۆزىنىڭ پرىنسىپى بويىچە، ئۇ ئۆز پىلانىنى ئىشتىن ئاۋۋال دائىرىلەرگە ئۇقتۇردى.

بۇ قېتىم ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قاتتىق ھەم تېز ھەرىكەت قوللاندى. ئۇلار كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، بىر كۈنى تاڭ سەھەردە، گەندى بىلەن باشقا رەھبەرلەرنى مەخپىي قولغا ئالدى.

گەندى پۈتۈن ئۆمرىدە كۆپ ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، كۆپ قېتىم قولغا ئېلىنغان ۋە قامالغانىدى، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نەزەربەند قىلىنىشى ئىدى.

گەندىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرگىنى شۇكى، ھۆكۈمەت پاكىتنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا بۇرمىلاپ، ھەققانىيەتنى ياقلىماي، ئۇنى خەلقنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ھەرىكىتىگە جاۋابكار بولىسەن، دەپ ئەيىبلىدى. ئۇنى زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، يەنە خەلقنى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا قەستەن قۇتراتتى.

گەندى ھۆكۈمەتتىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن، ئۆزى قوللىنالايدىغان بىردىنبىر ھەرىكەتنى قوللىنىشقا يەنى ئاچلىق ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ 21 كۈن ئاچلىق ئېلان قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئاچلىق ئېلان قىلىش 1943 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى باشلاندى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، گەندىنىڭ ئەھۋالى جىددىي يامانلىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەندىشىسى ۋە سەۋر ـ تاقىتى بىر

خىل ئەسەبىيلەرچە ھاياجانلىنىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ھىندىستان پارلامېنتىدىكى ھىندىستانلىق ئۈچ ئەزا ئىستېپا بېرىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىخۇدلۇق قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى.

لېكىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۆز پىكرىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ مۇرەسسەلەشكىلى ئۇنىمىدى. بۇ قېتىمقى ئاچلىق ئېلان قىلىش ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

گەندى يەنە ئېغىر تولغاق بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلىشىپ، بەدىنى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا دائىرىلەر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى شەرتسىز قويۇپ بەردى.

گەندى ئۇچۇن ئېيتقاندا، سالامەتلىكى سەۋەبىدىن قويۇپ بېرىلىشى ئىنتايىن ئۇياتلىق ئىش ئىدى. گەرچە ئۆزى تۈرمىدىن چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەلقى تېخى مۇستەقىل بولمىسا، مىللىتى يەنىلا باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتسا، بۇنىڭ تۈرمىدە قامالغاندىن يەنە نېمە پەرقى بار؟

گەرچە ئۇنىڭ سالامەتلىكى تۈگىشىشكە ئاز قالغان بولسىمۇ، لېكىن غايىسى تېخى ئىشقا ئاشمىغانلا بولسا، ئۇنىڭدا يەنە ئىنتايىن زور قىزغىنلىق بولاتتى. كونگرېسلار پارتىيىسىنىڭ يىغىنىدا، مىڭلىغان خەلق ئاممىسى ئالدىدا ئۇ مۇنداق دېدى: «... سىلەرنىڭ ماڭا بولغان قوللىشىڭلار مېنى تەسىرلەندۈردى، مېنىڭ يەنە بىر قېتىم قويۇپ بېرىلىشىم كۆپچىلىكتە يەنە ئۈمىد پەيدا قىلدى، مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق ھۆرمەت ۋە ئىشەنچتىن بەھرىمەن بولۇشقا ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقىمدىن گۇمانلىنىمەن، لېكىن مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن، مەن بارلىقىمنى ھەقىقەت ۋە زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىگە بېغىشلايمەن...»

1945 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئەنگلىيىنىڭ غەلىبە قىلىشى مۇقىملىشىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى

قالدى. ھىندىستاننىڭ مەڭگۈلۈك ئەركىنلىككە ئېرىشىشى ئۇزاققا قالمىغاندەك قىلاتتى.

گەندى يەنىلا خەلقنىڭ جەڭگىۋار روھىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى ئۆستۈرمەكتە ۋە ئۇلارنىڭ زېھنىي كۈچىنى قوزغىتىش پائالىيىتىگە ھەم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش يولىغا يېتەكلىمەكتە ئىدى. يىراق، كەلگۈسىدىن قارىغاندا، گەندى ئىنتىلگەن ئاپتونومىيە يالغۇز سىياسىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىق بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى، مىللەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئىگىلىكنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ئىدى.

ھىندىستاننىڭ خەلق ئىگىلىكى ئەسلىدىنلا ئېغىر چېكىش ھالدا بۇزۇلۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بىلەن قورقۇنچلۇق قەھەتچىلىك بېنگال ئۆلكىسىنى قاپلاپ كەتتى. يەرلەردىن ھوسۇل چىقماي، ھەممە يەرنى ئاچارچىلىق قاپلاپ كەتتى. كەمبەغەللەر ئۆلۈم گىرداۋىدا جان تالاشماقتا ئىدى. ئۇچىغا چىققان نومۇسسىزلار بولسا، ئۇرۇش داۋامىدا ھارامدىن بېيىپ، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە ئىدى. ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي، ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇپ، خەلقنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشىگە پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمىدى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىنى چىرىكلىك قاپلاپ كەتتى. كەڭ جاپاكەش ئامما ئەمدى كۆڭلىدىكى ئۆچمەنلىكىنى ھەرگىز باسالمىدى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قوراللىق زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ھەر ۋاقىت يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى، گەندىمۇ بۇ ئەھۋاللارنى كۆردى. ئۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان بوران ـ چاپقۇننىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، ئىنتايىن ئازابلاندى، لېكىن ھەل قىلىش چارىسىنى تاپالمىدى.

ئۇ يەنىلا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ھىندىستاننىڭ شەرقىي جەنۇب قىسىم رايونلىرىنى ئايلىنىپ، خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىنى چىڭىتىشقا ئىلھام بەردى. ئۇ خەلققە مۇنداق دېدى: «تەقدىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ قولىدا. سىلەر باشقىلارغا تايانمايدىغان بولغان چاغدا، ئاندىن ھەقىقىي ئەركىن بولىسىلەر!»

گەندىنىڭ روھى خۇددى بىر مەشئەلگە ئوخشاش ھىندىستاندىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىنى يورۇتتى.

گەندى ئاخىر ئىنگلىزلارغا: «سىلەر كېتىڭلار!» دەپ غەزەپلىك ۋارقىرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش بازىرى
www.uyghurkitap.com

# ئون يەتتىنچى باب دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشى

ئەنگلىيە ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ چاغدىكى ھىندىستان ئەمدى بايلىق ئەمەس، بەلكى بىر خىل قورقۇنچلۇق يۈككە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار ئويغانغان ھىندىستان خەلقىنىڭ ئۆز ئىمپېرىيىسىگە يېتەرلىك تەھدىت پەيدا قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ھىندىستانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقتىن ۋاز كېچىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، دېگەن قارارغا كەلدى.

1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئىچكى كابىنېتنىڭ ئۈچ نەپەر ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ھىندىستانغا كېلىپ، ھىندىستان رەھبەرلىرى بىلەن ھىندىستان تەرەپكە ھوقۇقنى قانداق ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە كەلگۈسىدىكى ئاساسىي قانۇننى ھىندىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تۈزۈشىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىدى.

ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، گەندى يىغىنغا قاتناشتى، يىغىندا ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرى توغرىسىدا كېڭەشتى ۋە ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گەندى ئەگەر ئەنگلىيە قول تىقمىسا، ھىندىستاننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار، ھىندى دىنى ۋە ھىندىستاندىكى باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇش بولمايدىغانلىقىنى بىر قېتىملا ئېيتمىغانىدى، شۇڭا بۇ قېتىمقى يىغىن گەندىنى ئىنتايىن ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.

ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئىنتايىن قىيىن بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدى. تارىختا مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى دىنى مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي زىددىيەتنىڭ يۈز بېرىپ كېلىۋاتقىنىغا ئۇزاق بولغانلىقى ھەمدە بۇ زىددىيەت ھىندىستاننىڭ

سىياسىيسىغا سىڭىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن، ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار كۆچلۈك دىنىي كۆچلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا، ئەنگلىيە ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تەييارلىق كۆرۈۋاتقان، ھىندى مىللىتى مۇستەقىل بولىدىغان ۋاقىت يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، ھىندىستاننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيىتى ئاخىر ئاشكارىلاندى.

مۇشۇنداق ئوڭايسىز ئەھۋالدا، گەندى ھىندىستاندىكى ئوخشاش بولمىغان سىياسىي پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇزاكىرىگە ئاساس سېلىش ئۈچۈن، ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەزالىرىنى بىر لايىھە تۈزۈشكە تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بارلىق مۇرەسسە قىلىش لايىھىلىرىگە ئوخشاش بۇ لايىھىنىڭ قوللىنىشچانلىقى دۆلەتتىكى ئىككى چوڭ سىياسىي پارتىيىنىڭ ياخشى ئارزۇلىرىغا ۋە بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشىگە باغلىق ئىدى. گەرچە مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى بىلەن كونگرېسلار پارتىيىسى بۇ لايىھىگە رازى بولمىغان بولسىمۇ، ئىككى تەرەپ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى يەنىلا قوبۇل قىلدى. لېكىن، بىرلىشىپ ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇش مەسىلىسىدە، ئىككى تەرەپ ئۇزاقتىن بۇيان يوشۇرۇنۇپ تۇرغان زىددىيەتنى ئاخىر قوزغاپ، بىر قاتار خەۋىپلىك ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولدى.

ھىندىستاندىن ئىبارەت كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ تۇپراق مۇستەقىللىق تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشنىڭ قىزىل قېنى بىلەن يەنە بىر قېتىم بويالدى.

ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاساسى تەۋرىنىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى دەسلەپكى چاغلاردا ئۆزلىرى زورمۇزور قوشۇلغان ئىچكى كابىنېت ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ لايىھىسىنى ئىنكار قىلدى، شۇنداقلا مەركەزنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى.

ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە يول قويمىغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

پارچىلىنىشىدىن ئاساسەن ساقلانغىلى بولمىدى. لېكىن، گەندى يەنىلا ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ، ھىندىستاننىڭ بىرلىكىنى قوغدىماقچى بولدى. دۆلەت ئىچىدە ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتقان قارىمۇقارشى دىنلارنىڭ زورلۇق كۈچىنى توسۇپ قېلىشقا ئۇرۇندى.

گەندىنىڭ تەكلىپى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى تارقىتىۋېتىپ، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنى تەكلىپ قىلىپ يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش بولدى. گەندى كونگىرېسلار پارتىيىسىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش پىلانىغا ھەرگىز بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. لېكىن، ئەگەر مۇسۇلمانلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىسا، گەندى كونگىرېسلار پارتىيىسىگە باشلامچىلىق قىلىپ ئىچكى كابىنېت تەشكىل قىلدىغان بولدى.

ئەمما، بۇ تەكلىپ كېچىككەن بولۇپ، مىللەتنىڭ پارچىلىنىشىنى ئوڭشاشقا ئاجىزلىق قىلاتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئەمەلىيەت شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، مۇسۇلمانلار بىلەن كونگىرېسلار پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى كېلىشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، بىردىنبىر چىقىش يولى بۇ دۆلەتنى بۆلۈپ باشقۇرۇش ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ ئۇسۇل قانچە تېز يولغا قويۇلسا، ھەرقايسى تەرەپلەرگە شۇنچە پايدىلىق ئىدى.

ھىندىستان ساقلانغىلى بولمايدىغان ھالدا ئىككى دۆلەتكە — ھىندىستان بىلەن پاكىستانغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

ھىندىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى گەندىنىڭ ئىنتىزار بولغان غايىسى ئىدى. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن بەدەل تۆلىدى. ئەمما، بۇ كۈن يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇ ئىنتايىن قايغۇردى، ئۇنىڭ دۆلىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى.

گەندى 30 يىلغا يېقىن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش

ئارقىلىق دۆلەتنى ئەركىنلىك يولىغا سالغانىدى. لېكىن، ئەڭ ئاخىرقى بىر توسۇقتىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ مىللىتىدە غالجىرلارچە ھوقۇق تالىشىشتەك رەزىل ھادىسە يۈز بېرىپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىغا ئەمدى ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولدى.

گەندى قايغۇردى ھەم ئۈمىدسىزلەندى. بۇ ئۇنىڭ غايىسى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كەچۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئېچىنىشلىق ھالدا بىر چەتكە داجىدى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەڭ ئاخىرقى لايىھە رەسمىي ئېلان قىلىندى: ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ھىندىستان بىلەن پاكىستاندىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ھاكىمىيىتىگە بۆلۈندى. ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇل ـ كېسىل ئاخىرلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى

## ئون سەككىزىنچى باب پانىي ئالەمدىكى دوزاخ

ھىندىستاننى پارچىلاش تەشەببۇسى گەندىنىڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت دەسلەپكى مەقسىتىگە زىت ئىدى. كۈچلۈك ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە گەندى شۇنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلدىكى: پارچىلاپ باشقۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ، مۇقەررەر ھالدا ئېخىمۇ زور ئۇرۇش يۈز بېرىپ، خەلق ئېخىمۇ زور ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولاتتى.

ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن بۇ باش لايىھىلىگۈچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ يۇتۇش راستىنلا قىيىن بولغان بىر روھىكا ئاچچىق ھاراق ئىدى.

ئۇ دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىنى كۆرۈش تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەقىللىق كۈنى ئۇنى سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى تەكلىپنىمۇ تاپشۇرۇۋالدى، لېكىن ئۇ بۇلارنى رەت قىلدى. ئۇ قوپال ۋە ئەدەپسىزلىك بىلەن جاۋاب بەردى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قەلبىنىڭ نەقەدەر ئازابلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

ھىندىستاننى پارچىلاش، ئىككى دۆلەتنىڭ چېگراسىنى ئايرىش ۋەزىپىسىنى ھىندىستان مەسىلىسىدىن ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغان لورد ئىسىملىك بىر ئەنگىلىيىلىككە تاپشۇرۇلدى. ئەمەلىيەتتە، تالاش ـ تارتىش ۋە ئۇرۇشتىن ساقلىنالايدىغان ئايرىش ئۇسۇلى پەقەتلا مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، پەنجاپ ئۆلكىسى بىلەن بېنگال ئوتتۇرىسىدا پاجىئە يۈز بېرىشنىڭ سەۋەبلىرى ئاللىقاچان مەۋجۇت ئىدى.

ئايرىپ بولۇنغان چېگرا سىزىقىدىن ھىندى دىنى مۇرىتلىرى

كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن رايونلارنىڭ ھىندىستانغا، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن رايونلارنىڭ پاكىستانغا ئايرىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. قارىماققا، ئايرىش نەتىجىسىنى ئاساسەن قوبۇل قىلىشقا بولىدىغاندەك قىلاتتى، بىراق رېئاللىقتىكىسى بولسا بىر مەيدان ئاپەت ئىدى.

بېنگال رايونىدا، چېگرا ئايرىش سىزىقىنىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ئىقتىسادىنى چوقۇم ۋەيران قىلىدىغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. دۇنيادىكى 85 پىرسەنت سېرىق كەندىر پاكىستانغا بۆلۈپ بېرىلگەن رايوندا ئۆسەتتى، لېكىن پاكىستان زېمىنىدا سېرىق كەندىر پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇتتىن بىرسىمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھىندىستان ئىگە بولغان رايوندا سېرىق كەندىر پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن 100 نەچچىسى بار، لېكىن بىر تۇپمۇ سېرىق كەندىر يوق ئىدى.

پەنجاپتا چېگرا ئايرىش سىزىقى ئەڭ ئۇرۇشقاق، ئەڭ ئىتتىپاقسىز شىك مىللىتىنىڭ زېمىنى بىلەن ئاھالىسىنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەنىدى. يەنە كېلىپ، چېگرا سىزىقىنى بۇ رايوندا بىر دەريانى تەبىئىي چېگرا سىزىقى بويىچە ئايرىش ئۇچۇن، بىرلا مۇسۇلمانلار كىچىك شەھىرى ھىندىستان تەرەپكە ئايرىپ بېرىلگەنىدى. بۇ ئەلۋەتتە 90 مىليون مۇسۇلماننىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشەلمەيتتى.

چېگرا سىزىقىنى ئايرىشتا، ئىشتىن ئاۋۋال ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ماقۇللۇقى ئېلىنغان ھەمدە ئەمەل قىلىش ھەققىدە ۋەدە بېرىلگەن بولغاچقا، ئايرىش نەتىجىسىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ قېتىمقى چېگرا ئايرىش كەلتۈرۈپ چىقارغان بىمەنىلىك دەرھاللا ئاشكارىلاندى. بەزى ئۈستەڭلەرنىڭ تۇغان ئېغىزى بىر دۆلەتكە، سۇغىرىش تورلىرى يەنە بىر دۆلەتكە ئايرىپ بېرىلگەنىدى. بەزى ئۆيلەر ئىككىگە بۆلۈۋېتىلىپ، دەرۋازىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنى بىكىدىن ئىزدەڭ

ھىندىستان تەرەپتە قېلىپ، دېرىزىلىرى پاكىستان تەرەپكە قاراپ تۇراتتى.

تېررورلۇق ۋەقەلىرى ھەر ۋاقىت يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، «يات دىنغا تەئەللۇق» بولغان يۇرت ـ ماكانلىرىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

پاكىستان تەرەپنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. ئەمدىلا يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن دۆلەت قالايمىقان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى.

2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان ھىندىستان زېمىنى پاكىستاننى ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇراتتى، ئىككى تەرەپتە ھېچقانداق قاتناش ۋاستىسى يوق بولۇپ، ئالاقىلىشىش پەقەتلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئىقتىساد پۈتۈنلەي پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

ھىندىستان خىزمەتچىلىرىنىڭ كېتىشى بىلەن سودا ۋە بانكا سىستېمىلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ھىندىستان ئۇلارغا كۆمۈر سېتىپ بەرمىگەنلىكتىن، پاكىستان جەنۇبىي ئافرىقىدىن يۇقىرى باھادا كۆمۈر ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ھىندىلارنىڭ سەممىيەتسىزلىكى پاكىستانلىق مۇسۇلمانلارنى قاتتىق نەپرەتلەندۈردى. ئۇلار ھىندىستان تەرەپنىڭ ئۆز دۆلىتىنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىغا ئاستا ـ ئاستا ئىشەندى.

ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلىسىز كۆلەمدىكى كۆچۈش باشلاندى.

بۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بىر مەيدان ئاپەت ئىدى. ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، سابىق ھىندىستاننىڭ غەربىي قىسمى قىپقىزىل قانغا بويالدى. بىرەر كەنت، بىرەر ئائىلىمۇ بۇ ئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان بىر قىرغىنچىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن ھىندىلار

ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى.

پايتەخت يېڭى دېھلىنىڭ كوچىلىرىدا، بايلار ئولتۇراق رايونلىرىدا، يېڭى دېھلىدىكى چاندنى چوۋك مەيدانىدا، ئاخىرىتسار شەھىرىدە، لاھور شەھەر ئەتراپىدا، گۇخۇۋادىكى سېپىل تۇۋىدە، دۇكان، يايمىلاردا، كەپىلەردە، ھاجەتخانىلاردا، يېزىنىڭ توپا يوللىرىدا، خۇمدانلاردا، توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىدا، دالىلاردا، بېكەتلەردە، ۋوگزاللاردا، دوختۇرخانىلاردا، ئىشخانىلاردا، ئىلگىرى ئەتىگەن ـ ئاخشاملاردا كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان كىشىلەر ئەمدىلىكتە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىشىدىغان بولدى. بىر جىنايەت يەنە بىر جىنايەتنى پەيدا قىلىپ، قانغا قان، جانغا جان ئالىدىغان بولۇپ قالدى.

دۇنيا داۋالغۇماقتا، ھىندىستان پارتلىماقتا، ھىندىستان جەمئىيىتى يىمىرىلمەكتە ئىدى. ھىندىستان ئەسەبىيلەشكەنىدى.

بېنگالدا، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى مۇسۇلمان زوراۋانلىرىنى ئاشكارا قۇترىتىپ، دىنىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدى. ئۇلار كالكۇتتادىكى ھىندى دىنى مۇرىتلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماي، كالكۇتتادىكى ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ تېخىمۇ شىددەتلىك قايتۇرما زەربە بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىككى تەرەپنىڭ ئۆچمەنلىك ھەرىكىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلىدى.

كالكۇتتا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا پانىي ئالەمدىكى دوزاخقا ئايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش بىكىتى

# ئون توققۇزىنچى باب ئۆزى يالغۇز مېڭىۋېرىش

گەندى قاتتىق چۆچۈدى، تاماق يېيىشنى رەت قىلىپ جىمغۇر بولۇۋالدى. مۇنداق بىر ئېغىزلا گەپنى قىلدى: «مەن يورۇقلۇقنى تىلەۋاتىمەن، مەن ئويلىنىۋاتىمەن. جىمغۇرلۇقلا ماڭا ياردەم قىلالايدۇ.»

كېيىن گەندى بىر بايانات تەييارلىدى. كالكۇتتادىكى ئىككى مەزھەپ دىن مۇرىتلىرىنى ئەقلىنى تاپتۇرۇش ئۈچۈن، ياشانغان جىسمى ئارقىلىق ئاچلىق ئېلان قىلىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

يېشى 80 گە يېقىنلىشىپ قالغان گەندى يەنە بىر قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى ئېلىپ باردى، بۇ قېتىم ئۇنىڭ رەقىبى ئىنگلىزلار ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالجىرانە ھەرىكىتى ئىدى.

گەندى مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان كىشىنىڭ جېنىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ جېنىنى دوغا تىكىش قارارىغا كەلدى.

گەندىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ شۇنچە ياشىنىپ قالغاندا ئاچلىق ئېلان قىلىشى ناھايىتى زور خەۋپ ئەكېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مۇنداق قىلماڭ، دەپ ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلدى، گەندى سوغۇققىنا ھالدا: «مەن قاراقچىلارنى قۇترانقانلارنى تەسىرلەندۈرىمەن» دېدى.

ھەرقانداق كىشىنىڭ گەندىنىڭ پىكرىنى ئۆزگەرتىشى قىيىن ئىدى، ئۇ كالكۇتتادىكى پاراكەندىچىلىك ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئاچلىق ئېلان قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ كېتىشىمۇ

مۇمكىن.

ئۇ مۇنداق دېدى: «يا كالكۇتتادا جىمجىتلىق ئەسلىگە كېلىدۇ، يا مەن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىمەن.»

گەندىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلغانلىق خەۋىرى تېزدىنلا پۈتۈن كالكۇتتاغا تارقالدى. ئەمما، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كېلىپ گەندىنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتۇردى. بارغانسېرى كۆپ كىشىلەر تىنچلىق تەلەپ قىلىدىغان شوئارلارنى توۋلىدى. ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ۋە مۇسۇلمان ئەربابلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ ھاياتى ئۆلۈم خەۋپىدە قالغان بۇ بوۋاينى يوقلىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا، دوستلۇق ئىناقلىق ۋە مېھرىبانلىق دولقۇنى باشقۇرۇش قىيىن بولغان بۇ مەركىزىي شەھەرنى قاپلىدى. ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئاخىر بىرلىشىپ، بىرلىكتە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، تەرتىپنى ۋە تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مۇراجىئەت قىلدى.

گەندى غەلىبە قىلدى. ئۇ 73 سائەت داۋام قىلغان ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مەزھەپ ۋەكىللىرىنى مۇنداق دەپ جىددىي ئاگاھلاندۇردى: «بۈگۈن كالكۇتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچلىق ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچنى تۇتۇپ تۇرماقتا. بۇ يەردە يۈز بەرگەن ھەرقانداق كىچىك ئىش مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر پەيدا قىلىدۇ. سىلەر پۈتكۈل ھىندىستانغا ئوت كەتكەن تەقدىردىمۇ، كالكۇتتانىڭ شىددەتلىك ئوتنىڭ سىرتىدا تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭلار.»

ھەممە كىشى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى. گەندى «كالكۇتتا مۆجىزىسى» ياراتتى. ھىندىستاندىكى ئەڭ قانغا بويالغان شەھەر كالكۇتتا ئۆز قەسىمىگە، تىنچلىقنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشتىن ئايانمىغان بۇ بوۋايغا سادىق بولدى.

گەندى پۈتۈن ھاياتىدا نۇرغۇن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى ياراتقان، لېكىن كىشىنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئۇنىڭ كالكۇتتادا

توپىلاڭنى ئۇنۇملۇك تونۇپ قالغانلىقى بولدى. ئۇنىڭ ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش داۋامىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنىمۇ بۇنىڭغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«چاقىرىقىڭغا بىركىم ئاۋاز قوشمىسا، ئۆزۈڭ يالغۇز مېڭىۋەر.

بىركىم قورقۇپ گەپ قىلالمىسا، ئۆزۈڭ يالغۇز سۆزلەۋەر.

ھەممە ئادەم كەتسىمۇ، ئۆزۈڭ يالغۇز مېڭىۋەر.

دەسسەپ تىكەن - چاتقاللىنى، بويلاپ قىزىل قانغا بويالغان چىغىر يولنى، ئۆزۈڭ يالغۇز مېڭىۋەر...»

تاگورنىڭ بۇ شېئىرىنى گەندى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، داۋاملىق بۇ ناخشىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى، بۇ شېئىر گەندىگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بىللە بېسىپ ئۆتتى.

كالكۇتتا تىنچلاندى، ئەمما ھىندىستاننىڭ باشقا رايونلىرىدىن قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇراتتى. قىساس يالقۇنىدا كۆيگەن ھىندى دىني مۇرتلىرىنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كالكۇتتادا سادىر قىلغان زوراۋانلىقلىرىدىن ئېشىپ كەتسە كەتتىكى، قېلىشمىدى. گەندى بۇنىڭدىن قاتتىق نومۇس قىلدى، ئازابلاندى ۋە بىئارام بولدى.

گەندى پەنجاپ ئۆلكىسىگە بېرىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ پەنجاپ ئۆلكىسىگە يېتىپ بېرىش ئالدىدا تۇرغاندا، بىر قېتىملىق يېڭى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ۋەقەسى ئۇنىڭ سەپىرىنى ئۈزۈپ قويدى: پايتەخت يېڭى دېھلىدا توپىلاڭ يۈز بەرگەنىدى.

يېڭى دېھلى مۇسۇلمانلار شەھىرى ئىدى. ئۇ يەردىكى كۆپ سانلىق مالايلار، ھارۋىكەشلەر مۇسۇلمان ئىدى. ئەتراپتىكى يېزىلاردا مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، يەنە كېلىپ ئەينى چاغدىكى يېڭى دېھلى يەنىلا

بىر قەدەر بىخەتەر بولغاچقا، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان مۇسۇلمان ئاپەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بۇ يەرگە كېلىۋالغانىدى.

بۇ ئەھۋال يېڭى دېھلىدىكى ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئىچىدىكى چېكىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېڭى دېھلىنىڭ سودا مەركىزى كوھاتتىكى يۇمىلاق مەيداندا مۇسۇلمانلارنى بۇلاپ، چوڭ قىرغىنچىلىق پەيدا قىلدى.

يېڭى دېھلىدىكى توپىلاڭ پۈتۈن ھىندىستانغا زىيان يەتكۈزدى. پايتەخت تەرتىپىنىڭ ۋەيران بولۇش ئاقىۋىتى مۇقەررەر ھالدا پۈتكۈل ھىندىستان يېرىم ئارىلىغا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسەتتى. جامائەت ئورگانلىرى پۈتۈنلەي پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئارمىيىدە ئاران 900 نەپەرچىلا ئەسكەر قالدى.

1947 ـ يىلى سېنتەبىردە گەندى يېڭى دېھلىغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بۇ شەھەردىن ھەرگىز ئايرىلمىدى.

گەندى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى غايىسىگە تېخىمۇ سادىق بولدى. ئۇ ئافرىقىدىكى چاغلاردىن بۇيان ئۆزىگە ئىزچىل تۇردە ئىلھام بېرىپ كېلىۋاتقان مېھرىبانلىق، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەقىقەت پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ مېھرىبانلىق ۋە زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ئارقىلىق خەلققە چاقىرىق قىلىپ، ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلغان ھەم غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەنە ئوخشاش تەشۋىقات ئارقىلىق كىشىلەرنى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىشكە چاقىرغان چاغدا مەغلۇپ بولدى. بەزى ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئەيىبلىگەن ھالدا گەندىدىن: «سىز بىزنى قورالىڭلارنى تاشلاڭلار دېسىڭىز، بۇ خۇددى بىزنى پاقلانغا ئوخشاش مۇسۇلمانلار تالان ـ تاراج قىلسۇن دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ !» دەپ سورىدى. نۇرغۇن ھىندى دىنى مۇرىتلىرى

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

گەندىگە ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلاپ، گەندى بىرنىڭ تۇغقانلىرىمىز ئۇچۇن قىساس ئېلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارىدى.

گەندى كالكۇتتادا مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق مۆجىزە ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار ئۇنى ھەقىقىي قارشى ئالمىدى.

گەندىنىڭ «ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، مۇسۇلمانلار، كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى ۋە شىك دىنى مۇرىتلىرى بىر ئائىلە» دېگەن ۋەز ـ نەسىھەتلىرى ئاخىر جامائەتچىلىكنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. گەندى چىن كۆڭۈل، سەمىمىي نىيەت بىلەن مۇسۇلمانلارغا غەمخورلۇق قىلىپ، نۇرغۇن ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى.

لېكىن، جاھىل گەندى ئۆز پرىنسىپىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيتتى. يېڭى دېھلىدىكى ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئىچىدىن بەزىلەر ئاخىر «گەندىنى ئۆلتۈرەيلى» دەپ شوئار توۋلىدى.

1947 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر مۇستەقىل بولغان ھىندىستان بىلەن بىرلىكتە ھىندىستاندىكى ئۇلۇغ زات گەندىنىڭ 78 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدى. سان ـ ساناقسىز تېلېگراممىلار ۋە خەت ـ چەكلەر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ مۇقەددەس قەھرىمانغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپ، تەبرىكلەش پائالىيىتىنى دۆلەت بايرىمىغا ئايلاندۇردى.

لېكىن، گەندىنىڭ ياتاق ئۆيىدە قىلچە خۇشاللىق كەيپىياتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ تېنى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن، چىرايى مەيۈس ئىدى. ئۇ تەبرىكلەشكە كەلگەنلەرگە مۇنداق دېدى: «سىلەر خۇدادىن ھازىرقى قان تۆكۈلۈشنىڭ ئاخىرلىشىشىنى ياكى مېنىڭ بۇ دۇنيادىن بۇرۇنراق كېتىشىمنى تىلەڭلار. مەن ئۇرۇش ئوتلىرى ئۇچۇپ يۈرگەن، تۇغۇلغان كۈنۈمنى قانلار دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقان ھىندىستاندا ئۆتكۈزۈشنى خالىمايمەن.»

بۇ كۈنى ئۇ ئۆزى يالغۇز ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، چاقتا يىپ

ئېگىرگەچ، ھىندىستان خەلقى ئۈچۈن ئۈنسىز دۇئا قىلدى.

بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ھازىرقى ھەرقايسى چوڭ دىنىي مەزھەپلەرنىڭ داھىيلىرى ئىچىدە، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ باشقۇرۇش قىيىن بولغان قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتىنى كونترول قىلالايدىغان بىرەر ئادەم چىقمايدىغانلىقىنى سەزگەنىدى.

يېڭى دېھلىدا، ھەممىلا يەرگە ۋاقىتلىق چېدىرلار تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى پاكىستاندىن كەلگەن ھىندى دىنى مۇساپىرلىرى بىلەن تولغانىدى، يەنە ئۆزلىرىنى پاكىستانغا ئاپىرىپ قويۇشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقان مۇسۇلمانلارمۇ بار ئىدى. گەندىنى تېخىمۇ ئازابلىغىنى شۇكى، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپ يالقۇنىنى ۋە ئۇلارنى قىيناۋاتقان قىساس ئېلىش ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كۆرگەنىدى.

گەندىنىڭ نەزىرىدە، ئۇلار بىگۇناھ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئىدى، ئەمما بىگۇناھ تۇرۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلار باشقا بىگۇناھ كىشىلەرنىمۇ ئۆزلىرى تارتىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئازابنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسا ئىكەن دەيتتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ۋەتىنىنىڭ پايتەختىدە يۈز بېرىۋاتاتتى. بۇ ئىش ئۇنى چىدىغۇسىز ئازابلاپلا قالماي، ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگىمۇ زىيان يەتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، قەدىمىي ھىندى دۆلىتى سەۋرچان ۋە مېھرىبان دۆلەت، كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى ئىدى.

بۇنداق قىساس ئېلىشنىڭ يامان سۈيەتلىك ئايلىنىشىنى توختىتىش ئۈچۈن، ئۇ يېڭى دېھلىنىڭ مەدەنىيەت بايرىقىنى ئالدى بىلەن كۆتۈرۈشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، يېڭى دېھلى خەلقىنىڭ ئادەم تەبىئىتىگە تېزدىن قايتىپ، غالجىرلىقنى توختىتىشنى يۇقىرى ئاۋازدا مۇراجىئەت قىلدى.

لېكىن، ئۇنىڭ چاقىرىقى جەلپ قىلىش كۈچىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يوقاتقانىدى.

ھىندىستان پارچىلىنىشتىن ئىلگىرى، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ دۇشمەن دەپ بوھتان چاپلاپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ دوستى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنى ئەخمەق قىلدى، دېدى. ھىندى دىنى مۇرتىلىرىمۇ «مۇقەددەس دۆلىتى»گە قايتىدىن ئىگە بولغانلىقىغا تەنتەنە قىلىپ، بۇ ۋاقىتقىچە بوۋايغا ئەمدى پەقەتلا كۆنمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇسۇلمانلارغا بولغان غەمخورلۇقىغا قاراپ، ئۇلار گەندىنى ھىندى دىنىنىڭ ساتقۇنى دەپ قارىغانىدى.

گەندى خەلقنىڭ پوزىتسىيىسىدىن بۇ خىل ئۆزگىرىشنى سەزدى. ئۇ ھەر كۈنى «بەگەۋەتگىتا»نى ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغان قارىمۇقارشىلىقتىن ھالقىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئىپىنىمەي تەشۋىق قىلدى. ئەمدىلىكتە، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلىرىدىن ئېچىنىۋاتقان، مۇشۇنداق دىنىي ئەقىدىنىڭ قوللىنىشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان چاغدا، گەندى ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزەلمىدى. ئۇ ھەر كۈنى تولۇا قىلاتتى:

«ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنى خۇدا بىلەن پۈتۈنلەي بىرلەشتۈرۈۋەتكەن بولسا، ھەممىگە قىلچە پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۆزۈمنى تېخى ئۇنداق ھالەتكە بېرىپ يەتمىدىم، دەپ قارايمەن، شۇڭلاشقا مېنىڭ كۈرىشىم ۋە ئىنتىلىشىم تېخى دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس.»

بۇنداق چىدىغۇسىز ئازاب ئۇنىڭ ئەخلاق ھېسسىياتىنى، خەلققە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب ئەنئەنىسىدىن يەخىرلىنىشىنىڭ ئۆلچىمىنى ئۆلچەيدىغان، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىدىغان بىر خىل ئۆلچىگۈچ ئىدى.

گەندى ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى: «بەلكىم مېنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پرىنسىپىمدا يېتىشسىزلىك مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت كېلىپ

چىققاندۇ. ھەقىقىي زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ھەرىكىتىنى بەلكىم قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىقتا ئىگە كىشىلەر ئىجرا قىلىسا كېرەك. بەلكىم مەن توغرا ھۆكۈم قىلالماي، بولارنى ۋاقتىدا كۆرۈپ يېتەلمىگەندىمەن.»

يېڭى دېھلىدىكى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ھەرىكىتى بىر ئاز پەسەيگەن بولسىمۇ، بىراق گەندى بۇنىڭ پەقەت يۈزەكى جىمجىتلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. گەندى شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يەتتىكى، «غەزەپ ئوتى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە كۆيمەكتە» ئىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ غەزەپ ئوتىنى ئۆچۈرۈش ياكى ئۇنىڭدا كۆيۈپ ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئىككىلا يول بار ئىدى.

ھىندىستان بىلەن پاكىستان ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا كەشمىرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىدە ئەسلىدىنلا تالاش ـ تارتىش مەۋجۇت ئىدى. بۇ تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىش بىلەن بىللە ھىندىستان ھۆكۈمىتى يەنە پاكىستانغا 550 مىليون رۇپىيە قايتۇرۇشنى رەت قىلىش توغرىسىدا «سەممىيەتسىز» بىر قارار چىقاردى.

ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى بۆلۈپ باشقۇرۇش توختامى تۈزۈشكەن چاغدا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى پاكىستانغا بۇ 550 مىليون رۇپىيە پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا ئېنىق ۋەدە بەرگەنىدى. لېكىن، ئەمدىلىكتە ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ كەشمىر تالاش ـ تارتىشنى باھانە قىلىپ بۇ پۇلنى قايتۇرۇشنى رەت قىلغانلىقى ئەخلاق ۋە ھەققانىيەتكە، خەلقئارا مىزانغا خىلاپ ئىدى.

قايتۇرۇشنى رەت قىلغانلىق تالان ـ تاراج قىلغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى.

گەندى بۇ ئىشتىن قاتتىق نارازى بولدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى، ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق قىلىشى ئىنتايىن ھۆرمەتسىزلىك. ئەگەر بىر ئادەم ياكى بىر ھۆكۈمەت كۆڭلىدىن چىقىرىپ توختام تۈزگەنىكەن، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقتا

uyghurkitap.com

ھەققى يوق. بۇنىڭدىن باشقا، «قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەت» دېگەن ئىدىيىدىن گەندى ھىندىستان ئەخلاقتا ئالىيجاناب بولۇشتا پۈتۈن دۇنياغا ئۆلگە تىكلەپ بېرىشى كېرەك، دەپ قارايتتى، ھىندىستاننىڭ ئابرۇيىنى بۇزىدىغان بۇنداق قىلمىشقا چىداپ تۇرالمايتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خەزىنىسى قۇرۇپ، ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بولۇپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ مائاشىنى قىسقارتىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەگەر پاكىستان بۇ پۇلغا ئېرىشەلمىسە، مۇقەررەر ھالدا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغايتتى.

گەندىنىڭ كونگىرېسلار پارتىيىسىگە بەرگەن مەسلىھەتى ھېچقانداق رول ئوينىيالمىدى. بۇ «ئازابلىق ۋە كىشىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلار بىرلىشىپ گەندىنىڭ ۋىجدانىنى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى.»

گەندى يەنە بىر قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇ قېتىمقى ئاچلىق ئېلان قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەر قېتىملىق ئاچلىق ئېلان قىلىشنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشى ھەرقايسى دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى توختىتىش ئۈچۈن بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ھىندىستاننىڭ ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى.

گەندى ھىندىستاننىڭ پاكىستانغا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش لازىملىقىنى ھەمدە بۇنى ئۆزىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتى قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

# يىگىرمىنچى باب  ئاخىرقى قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلىش

1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، سەيشەنبە چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، گەندى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىنى باشلىدى.

ھىندىستان ئاخبارات ساھەسىدىكى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھىندىستان پايتەختىدە تۇرۇشلۇق نەچچە ئونلىغان مۇخبىر مۇراسىمغا قاتناشتى. بۇ گەندىنىڭ بۇ قېتىمقى ئاچلىق ئېلان قىلىشىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ ئۇنىڭ كالكۇتتا شەھىرىدىكى ئاچلىق ئېلان قىلىشىنىڭ ئەھمىيىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇ قېتىم كىشىلەر خاتىرجەمسىزلەندى، چۈنكى مۇقەددەس قەھرىمان گەندى ئاچلىق ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ يەردە ھېچقانداق زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ۋەقەلىرى يۈز بەرمىگەنىدى.

گەندىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلغانلىق ۋە كېيىن ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختاتقانلىق خەۋىرى ئېلان قىلىنىش بىلەن كەڭ قېرىنداشلار ھەيرانلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلىشتى، ھەتتا روشەن ھالدا دۈشمەنلىشىش كەيپىياتى قوزغالدى. ئەمەلىيەتتە، ئەينى چاغدىكى يېڭى دېھلىنىڭ ۋەزىيىتى كالكۇتتادا ئاچلىق ئېلان قىلغان چاغدىكى ۋەزىيەتكە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى. گەندىنىڭ پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 550 رۇپىيە پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى ھىندى دىنى مۇرتلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. بۇ كېيىنكى پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىگە يوشۇرۇن خەۋپ پەيدا قىلدى.

گەندىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشى پۈتكۈل دۆلەتنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

ئۇنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكىتى دەرھال بىرلەشمە ئىچكى كابىنېتنى قارارىنى ئۆزگەرتىپ، پاكىستان ھۆكۈمىتىگە تېگىشلىك بولغان پۇلنى دەرھال قايتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر قىلدى.

گەندىنىڭ تېنى ئىنچىل تۇردە ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىت ئاچلىق ئېلان قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. مۇشۇ تاپتا مۇقەددەس قەھرىماننىڭ ئاچلىق ئېلان قىلغىنىغا بەش كۈن بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ياماناشماقتا ئىدى.

كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىشتى. شۇنداقلا بارلىق دىنىي مەزھەپ رەھبەرلىرىگە مۇقەددەس قەھرىمانغا يازما كاپالەت بېرىپ، مۇسۇلمانلارغا ئەمدى دۈشمەنلىك بىلەن قارىماسلىق توغرىسىدا ۋەز - نەسىھەت قىلدى.

شۇنداق، گەندى پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئامىنى تەسىرلەندۈرۈپ كەلگەنىدى. بۇ چاغدىكى ئۇ بولسا، ئادەم چۈشىنىش قىيىن بولغان بىر خىل خاتىرجەملىك ۋە جىمجىتلىقتا چۆمگەنىدى، ئۇ خاتىرجەم ھالدا بېنگال يېزىقىنى يېزىشنى مەشىق قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۆز غايىسىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاچلىق ئېلان قىلىپ بەشىنچى كۈنى كەچتە، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئۆزىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىشىغا بولىدىغان يەتتە شەرتنى كۆرسەتتى. يېڭى دېھلىدىكى ھەرقايسى سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى، جۈملىدىن ھېلىقى «رەقىبلەر» — ھەندى دىنىدىكى چېكىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلار، ھەممىسى مېنىڭ باياناتىمغا قول قويۇشى كېرەك، ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۆلگۈچە

ئاچلىق ئېلان قىلىمەن، دېدى.

گەندى ئوتتۇرىغا قويغان يەتتە شەرت كىشىنى چۆچۈتمىگەن بىر قاتار تەلەپلەر بولۇپ، ئۇ يېڭى دېھلىدىكى شەھەر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە دېگۈدەك چېتىلغانىدى.

بايانات تەييارلانغاندىن كېيىن، گەندىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەخسۇس قۇرۇلغان «تىنچلىق كومىتېتى»غا يوللاندى. بۇ كۈنى كەچتە، پۈتكۈل يېڭى دېھلى پۈتۈنلەي ھاياجانلىنىش ۋە قىزغىنلىق كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى. ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان، يېڭى دېھلى شەھىرىدە ھېچقاچان بۇنداق شاد ـ خۇراملىق مەنزىرىسى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

يېڭى دېھلى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى.

ھەممە يەرنى نامايىشچىلار قوشۇنى قاپلىغان، سودا ۋە باشقا پائالىيەتلەر توختىتىلغانىدى. ئىدارىلەر، ماگىزىنلار، زاۋۇت ۋە قەھۋەخانىلار تاقالغان، چوڭ مەسچىت مەيدانىدا، ھەرقايسى دىنىي مەزھەپلەردىن كەلگەن 100 مىڭ ئامما كاتتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئۆز رەھبەرلىرىنىڭ گەندىنىڭ باياناتىدىكى شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشنى كۈچلۈك مۇراجىئەت قىلىشماقتا ئىدى.

مۇقەددەس قەھرىمانىنىڭ سالامەتلىكى جىددىي يامانلىشىپ، ئۇزاق ۋاقىتلىق كوللاپس ھالىتى كۆرۈلدى. بەزىلەر گەندىنىڭ ئىچىدىغان سۇيىگە بىرنەچچە تېمىم ئاپېلسىن شەربىتى قوشۇۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى، گەندى تەرىپىدىن بۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي بىھۆرمەتلىك دەپ قەتئىي رەت قىلىندى.

گەندىنىڭ بۇ قېتىم ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقى كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سەممىيىتى بولغان بارلىق دىن مۇرىتلىرى كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدىغان سەجدە قىلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى، ئۇلار ئۇزۇن سەپ بولۇپ تىزىلىپ، گەندىنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان بۇ ئادەم ئېقىنى گەندىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشىنى توختىتىشىنى چىن كۆڭلىدىن تەلەپ قىلدى. كىشىلەر سان ـ ساناقسىز پلاكاتلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نەچچە يۈز مىڭ كىشىنىڭ «گەندىنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرايلى» دېگەن يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىدى.

گەندى ئارزۇسىغا يېتىپ ھەممە ئىمزاغا ئېرىشتى. ئۇ ئاچلىق ئېلان قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى، كۆپچىلىككە يەنە بىر قېتىم ئۆز كۆڭلىنى بىلدۈردى:

«ئەڭ زور خاتا كۆزقاراش ھىندىستان ھىندى دىنى مۇرتلىرىغا مەنسۇپ ياكى پاكىستان مۇسۇلمانلىرىغا مەنسۇپ، دەپ قاراشتىن يامان بولمايدۇ. قارىغاندا، پۈتۈن ھىندىستان ۋە پاكىستان خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىش جاپالىق ئىشتەك قىلىدۇ. لېكىن، كۆپچىلىك بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىدىغانلا بولساق، ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ.»

كېيىن ئۇ بوش ئاۋازدا: «مەن ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىشقا قوشۇلىمەن، چۈنكى ئىلاھىنىڭ ئىرادىسى ئەمەلگە ئاشتى» دېدى.

يېڭى دېھلىدىكى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش توسۇپ قېلىندى، ھىندىستاننىڭ ئابرۇيى يەنە بىر قېتىم قوغداپ قېلىندى. لېكىن، خەلقنىڭ قەلبىنىڭ راستىنلا مۇقەددەس قەھرىمانىنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك ئۆزگەرگەن ـ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى يەنىلا بىلگىلى بولمايتتى.

ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكىتى خەلقنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتەلىگەن ـ ئۆزگەرتەلمىگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى توسۇش ۋە تەربىيىلەش رولىنى ئوينىدى. گەندىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازى بىرئاز ئۆزگەردى، پاكىستان دىپلوماتىيە مىنىستىرى مۇنداق دېدى: «ھىندىستان بىلەن پاكىستان دوستلۇقى ئۈچۈن يېڭى بىر ھېسسىيات ۋە ئارزۇ پەيدا بولدى.»

بىر ئالىيجاناب مەقسەت ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن

ئازاب چېكىش ھەرىكىتى مۇقەررەر ھالدا ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئەخلاق قىممىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ.

ئىنگلىزلار گەندىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشىنىڭ قىممىتىنى تۇنجى قېتىم كۆردى. ئەنگلىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى دەسلەپكى چاغلاردا گەندىنىڭ ھەرىكىتىنى بىر خىل پوپوزا، دەپ ئەيىبلىگەنىدى. ئەمدىلىكتە، ئۇلار بۇنىڭ ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، «مۇقەددەس قەھرىمان گەندىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشى ئاتوم بومبىسىنىڭ قۇدرىتىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتنى نامايان قىلدى، پۈتكۈل غەرب بىر خىل ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن ئۇنىڭغا كۆز تىكمەكتە.»

گەندىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىش ھەرىكىتى ئەخلاق مەسىلىسىنى سىياسىي تالاش ـ تارتىشتىن ئايرىش شۇنداقلا جېنىنى قۇربان قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

خۇددى گەندى ئېيتقاندەك: «بىر ئادەم تەقدىم قىلالايدىغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسە جان.» شۇڭا، ئاچلىق ئېلان قىلىشنىڭ باشقىلارغا بېرىدىغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.

يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا گەندىنىڭ قەدىرلەيدىغىنى، ئىنسانلارنىڭ جېنىدىنمۇ قىممەتلىك بولغان ئەخلاق قىممىتىدۇر.

گەندى ئالتە كۈنلۈك ئازابتىن كېيىن، تۇنجى قېتىم تاماق يەپ بىر ئىستاكان ئۆچكە سۈتى ئىچتى، تۆت دانە ئاپېلسىن يېدى. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن چاق ئەكېلىشكە ئادەم بۇيرۇدى، دوختۇر قايتا ـ قايتا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، يىپ ئېگىرىمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

«ئىشلىمەي چىشلەش ئوغرىلىققا ئوخشايدۇ. مەن تاماق يېيىشكە باشلىغانىكەنمەن، ئەمگەككە قاتنىشىشىم كېرەك» دېدى ئۇ.

مانا بۇ مۇقەددەس قەھرىمان، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان، ئەخلاقنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا ئىنتىلىدىغان گەندى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل ئادرېسى

# يىگىرمە بىرىنچى باب مۇقەددەس قەھرىماننىڭ ئۆلۈمى

ئاچلىق ئېلان قىلىش غەلىبە قازاندى.

گەندى ھېچقاچان بۇ قېتىمقى ئاچلىق ئېلان قىلىشقا ئوخشاش بۇنچىلىك كۆپ كىشىنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ باقمىغانىدى.

گەندى ئەزەلدىن ھازىرقىدەك بۇنداق ھاياجانلىنىپ باقمىغانىدى، چەكسىز پارلاق ئىستىقبال ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى، ئۇ گويا زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك تەلىماتىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى ھەمدە تېز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى.

ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى، قەيسەر ھەم كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان گەندى ئۆلۈمنىڭ ئېلىپ چاڭگىلىدىن يەنە بىر قېتىم قۇتۇلۇپ قالدى.

گەندى پاكىستانغا بېرىشنى قارار قىلدى.

ئۇ ھىندىستاننىڭ سىرتىدىكى جايلاردا ئۆزىنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك تەلىماتىنى تەشۋىق قىلماقچىدى. ئەگەر ھىندىستان ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى بىر گەۋدىلىك ئىتتىپاقلىقتىن مەھرۇم قىلىنغان بولسا ئەمدى ھازىر روھىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن يەنە بىر مەيدان كۈرەش قىلىشا بولاتتى.

بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە، گەندى پاكىستانغا قىلىدىغان سەپىرى ئۈچۈن نۇرغۇن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى زىيارىتىنى كۈتۈلمىگەن ئۇسۇلدا ئېلىپ بارماقچىدى.

ئىلگىرى، گەندى بىر ئېزىلگۈچىلەر قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، ترانسۋالنى كېسىپ ئۆتۈپ، نەچچە يۈز كەنتنى پىيادە ئايلىنىپ، مېھرىبانلىق، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك تەلىماتىنى ۋە تازىلىقنىڭ قانداق ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى تەشۋىق قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە، «مۇقەددەس ۋەدە»گە ۋاپا قىلىشقا بارماقچى بولغان چاغدا. ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن غەيرىي دىن دۆلىتىگە بارماقچى بولدى، ئۇ پىيادە يول يۈرۈپ، پۈتۈن بەدىنى تىلىم ـ تىلىم بولۇپ كەتكەن پەنجاپ زېمىنىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاراب ـ ئوقۇبەتلەرگە چىداشلىق بەرگەن ئاشۇ قېرىنداشلىرىغا تەسەللى بەرمەكچى، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئۇلارغا يەتكۈزمەكچى ھەم ئۇلارغا جۈرئەت ئاتا قىلماقچى بولدى.

گەندى تەييارلىق قىلماقتا ئىدى، شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغان ھامان، ئۇ پاكىستانغا ماڭاتتى.

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، گەندى ۋە ھىندىستان ئۈچۈن ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولدى. بۇنىڭدىن 18 يىل ئىلگىرى، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان شەھەر ۋە يېزىلار، نەچچە مىليونلىغان ھىندىستانلىق ئەر ـ ئايال قەسەم بېرىپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغان، گەندى ئۆز قولى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن قەسەمنامە تەييارلىغانىدى. ئەمدىلىكتە، ئەينى يىللاردىكى قەسەم ئىشقا ئاشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ كۈن ھىندىستان ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ «دۆلەت بايرىمى كۈنى»گە ئايلىنىپ، ئاجايىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

بۈگۈن گەندى بۇ كۈننى بىرىنچى قېتىم تەبرىكلەيدۇ.

رۇڭلى نېھرونىڭ تەلىپىگە بىنائەن، گەندى كونگرېسلار پارتىيىسى ئۈچۈن يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى تەييارلاشقا كىرىشتى. ئۇ تويتوغرا بىر كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ مۇھىم ئىشنى قىلدى، بۇنى شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا كونگرېسلار پارتىيىسى ئۈچۈن بىر يېڭى دەستۇر يېزىپ، ھىندىستان

مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى يېڭى نىشانى ۋە يېڭى رولىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەردى دېيىشكە بولاتتى.

گەندىنىڭ سالامەتلىكى يەنە بىر قېتىم ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى چۆپلۈكتە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ پاكىستانغا بارىدىغان ئۇزۇن سەپەرنىڭ باشلىنىشى ئىدى. پاكىستانلىق بىر مېھمان ھېلىلا ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇلۇغ ئارزۇ توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى.

«مەن بۇ كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتتۈم. ئۇ چاغدا، مۇقەددەس ئاتا گەندىنىڭ باشچىلىقىدا، ھىندى دىنى مۇرىتلىرى سەممىيلىك ۋە قەدىناسلىقىنى ئۆزگە بايراق قىلىپ، پاكىستانغا قاراپ ماڭىدۇ.»

بۇ نېمىدېگەن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھەيۋەتلىك مەنزىرە! ئۆتكەنكى ئۇزاق يىللاردا، گەندى ھىندى مىللىتى ئۈچۈن ئېنىق يول كۆرسىتىپ بەرگەنىدى، ئەمدىلىكتە مۇقەددەس ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ يەنە بىر قېتىم سەپەرگە چىقىدۇ. مۇساپىرلار قاچقان چاغدا بېسىپ ئۆتكەن ئوخشاش بىر يولدا، ئاشۇ بىچارە كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ يۇرت - ماكانلىرىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتى تەلىماتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ نېمىدېگەن غايەت زور كۈچ - قۇدرەتنى نامايان قىلغان! ئۇنىڭ مېھرىبانلىق دەستۇرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ نېمىدېگەن شانلىق غەلىبە!

بۇلارنى ئويلاپ گەندى ھاياجانلانغانلىقىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىچىدە خۇدادىن ئۆزىگە ئىشەنچ، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ۋاقىت ئاتا قىلىشنى، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇۋېلىشنى تىلىدى.

گەندىنىڭ يېڭى دېھلىدىكى ئارىلاپ نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتى ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى.

بۇنىڭدىن بەش ئاي ئىلگىرى ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا،

قىساس ئۆتى چوڭ ـ كىچىك كوچىلارنى قاپلىغان، كىشىلەر زورلۇق كۈچىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان، كىشىلەر ئەنسىزلىككە چۈشكەن، ھەتتا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ دەككە ـ دۈككىدە كۈننى كەچ قىلالماي يۈرگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ھەممە يەردە تىنچلىق ئەسلىگە كەلگەن بولۇپ، گەندى خاتىرجەم كېتەلەيتتى.

گەندى يېڭى دېھلىدىن كېتىدىغان ئېنىق كۈننى بېكىتتى.

ئۇ بەش كۈندىن كېيىن يېڭى دېھلىدىن پاكىستانغا قاراپ يولغا چىقىپ، پۈتۈن ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مۆجىزىنى يارىتىشنى قارار قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئىلگىرىكى كۈنلەرگە ئوخشاشلا، گەندى بۇ بىر كۈنلۈك خىزمەتلەرنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى: چاق چۆرۈپ يىپ ئېگىردى، بېنگال يېزىقىنى مەشىق قىلدى، بىرنەچچە دوستىغا خەت يازدى، بىرمۇنچە مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلاشتى، شۇنداقلا ئامېرىكىلىق بىر ئايال مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. گەندى ئايال مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئامېرىكا ئاتوم بومبىسىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاز كېچىشى كېرەك. زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ئاتوم بومبىسى گۇمران قىلالمايدىغان بىردىنبىر قورال.» بۇ بىر كۈن مانا مۇشۇنداق جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى.

ئەتە 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جۇمە قىساسچىلار گەندىگە قول سېلىپ قاتىللىق قىلىدۇ.

گەندى پۈتۈن ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاخشامنى ئۆتكۈزدى.

بۇ كۈنى كەچتە، گەندى ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى ــ كونگىرېسلار پارتىيىسىنىڭ يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆز قولى بىلەن تەييارلىدى. سائەت 20 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇشۇ سۆزلەرنى يازدى:

«ئەگەر مەن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتسەم، چىيقان بىلەن

ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مۇقەددەس قەھرىمان ھېسابلانمايمەن. ئەگەر بىرەر كىشى ماڭا ئوق چىقىرىپ، خۇددى ئالدىنقى كۈنلەردە بەزىلەر مېنى پارتلىتىشقا ئۇرۇنغانغا ئوخشاش، ئوق مېنىڭ كۆكرىكىمگە تەگسە، مەن قىلچە نالە قىلماي، خۇدانىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ئۆلىمەن. ئۇنداق بولغاندا خەلققە پايدىلىق بولىدۇ.»

بىز بۇنى بىر خىل بېشارەت دەپ قارىساق ئورۇنسىز بولماس.

ئۇنىڭ ھازىرقى ئويلىغىنى پەقەت يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان پاكىستان سەپىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىككى تەرەپنى قايىل قىلىپ، رەسمىي دوستانە كېڭىشىش ئېلىپ بېرىپ، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بۇ كۈنى ئاخشىمى، گەندى مەيۈس يۈردى. ئۇ ھېلىلا تەييارلاپ بولغان كونگىرېسلار پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىنى ئېسىگە ئالدى. نىزامنامىدە گەندى گەپنى ئوچۇق ئېيتىپ، سىياسىي داھىيلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان چىرىكلىك قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەنىدى.

كېيىن ئۇ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى، ئالخابادلىق بىر شائىرنىڭ شېئىرىنى ئوقۇدى:

ئالەمنىڭ باھارى قىسقا،
قىلىۋال قانغۇچە سەيلە،
ئۆتسە گەر باھارنىڭ پەيزى،
قالىسەن ھەسرەتۇغەشتە.

1948 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، جۈمە سەھەردە گەندى ئادەتتىكىدەك ئەتىگەنلىك ئىبادىتى بىلەن پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنلۈك پائالىيىتىنى باشلىدى. بۇ كۈندىكى ئەتىگەنلىك ئىبادەتتە، گەندى ھىندى دىنىنىڭ مۇقەددەس ناخشىسى «بەگە ۋەتگىتا» (ئىلاھقا مەدھىيە) نىڭ ئالدىنقى ئىككى

قىسمىنى ئوقۇدى:

تۇغۇلۇپ ئۆلۈش ئۆزگەرمەس،
ئۆلۈپ تىرىلىش ئۆزگەرمەس،
تۇغۇلۇپ ئۆلۈش ئۆزگەرمەس،
ھەسرەت چەكمەڭ، بولدى بەس.

بۇ بىر كۈندە، ئۇ نۇرغۇن مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى. چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تە، ئىشىك ئالدىدىكى پېشايۋانغا چىقتى، ئۇ يەر ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ئىبادەتكە كەلگەن مۇخلىسلار بىلەن لىق تولغانىدى.

بۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا ئوچۇق ئىدى. مۇقەددەس قەھرىمان مۇخلىسلار ئالدىدا پەيدا بولغان چاغدا، كەچلىك شەپەق ئۇنىڭ يۈزىگە بىر قەۋەت ئالتۇن نۇر چېچىپ تۇراتتى.

قىستىلىشىپ تۇرغان مۇخلىسلار ئارىسىدا، ئۈچ قاتىل قوراللىرىنى گەندىگە بەتلەپ تۇراتتى.

قاتىل گودسوننىڭ شېرىكىنىڭ بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەسلىشىچە: «ئۇ گەندىنىڭ كىشىلەر توپىغا قاراپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، مۇخلىسلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، پېشايۋانغا چىققان. گەندى گودسونغا بىرقانچە مېتىرلا كېلىدىغان يەرگە كەلگەن چاغدا، گودسون بىردىنلا كىشىلەر توپىنى بۆسۈپ چىقىپ، قولىدىكى تاپانچىسىنى مۇقەددەس قەھرىماننىڭ كۆكرىكىگە تاقاپ تۇرۇپ تەپكىنى باسقان، ئۇ جەمئىي ئۈچ پاي ئوق ئاتقان.»

كىشىلەر قەدىرلىك مۇقەددەس قەھرىماننىڭ يەنىلا ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ سالام قىلىپ، خۇددى كەچلىك ئىبادەتكە كەلگەن مۇخلىسلارغا ئېھتىرام بىلدۈرمەكچى بولغاندەك، ئەڭ ئاخىرقى بىر قەدىمىنى باسقانلىقىنى كۆردى.

«خۇدا» دېدى گەندى ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ ۋە ئاستا ـ ئاستا يىقىلدى. ئۇنىڭ ئىككى قولى باشتىن ـ ئاخىر ھاياتىنىڭ ئەڭ

ئاخىرقى بىر تىنىقىدىكى سالام قىلىش قىياپىتىنى ساقلاپ تۇرغان بولۇپ، خۇددى تېرروررچى قاتىلغا مۇشۇ ئارقىلىق ئېھتىرام بىلدۇرۇۋاتقاندەك ئىدى.

قىپقىزىل قان ئۇنىڭ قويۇن سائىتىنى بويىۋەتتى. سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسى دەل 5 تىن 17 مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب  خوشلىشىش

گەندىنىڭ سۆيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر تېزدىنلا پۈتۈن ھىندىستانغا تارقالدى.

ئاڭلىغان ـ ئۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر: «قاتىل كىم ئىكەن؟ مۇسۇلمانمىكەن ياكى ھىندى دىنى مۇرىتىمىكەن؟» دېگەن ئوخشاشلا بىر سوئالنى سوراشتى.

ھەممە كىشى تەشۋىشلىنىش ۋە بىئاراملىق ئىچىدە خەۋەر كۈتمەكتە ئىدى. زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ھەر ۋاقىت پارتلىشى مۇمكىن ئىدى.

توپىلاڭ يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھىندىستان رادىئو ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىپ، گەندىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى دەرھال بېرىشنى قاتتىق مەنئى قىلدى، ئارمىيە مەملىكەت بويىچە دەرھال تەييار تۇرۇش ھالىتىگە ئۆتتى.

دەل سائەت 18 بولغاندا، يەنى گەندى ئالەمدىن ئۆتۈپ 43 مىنۇتتىن كېيىن، ھىندىستان خەلقى بىر ئاخباراتتىن دۆلەت ئاتىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئۇقتى. ئاخباراتنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىنغانىدى:

«مۇقەددەس قەھرىمان گەندى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت 17 دىن 17 مىنۇت ئۆتكەندە يېڭى دېھلىدا سۆيىقەستكە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتتى. قاتىل بىر ھىندى دىنى مۇرىتى.»

ھىندىستان بىر مەيدان زور قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ھازىر ئۇ پەقەت يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئازابلىنىپ يىغلىماقتا ئىدى.

گەندى ئۆيىگە ئەكېلىندى. بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرى ئۇ

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ ئۆيدە مېھمان قوبۇل قىلغانىدى. كىشىلەر گەندىنىڭ مال ـ مۈلكىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى: يىپ ئېگىرىدىغان ياغاچ چاق، بىر جۈپ تەرەت كەشى، ئۈچ دانە كىچىك مايمۇن ھەيكىلى، بىر دانە «بەگە ۋەتگىتا»، بىر دانە قويۇن سائىتى، بىر دانە تۇكۇرۇك قاچىسى ۋە يۈز يۇيىدىغان بىر دانە مېتالدىن ياسالغان داس.

ئۆي ئىچى ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. مۇقەددەس قەھرىماننىڭ ئەتراپىدىكى ئاياللار كۆز ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، «بەگە ۋەتگىتا»دىكى نوم سۇرىلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۆي ئىچىگە قارا چىراغلار يېقىلغان بولۇپ، لىپىلداپ يېنىپ تۇرغان چىراغنىڭ يورۇقىدا جەسەت ئورىغان رەخت ئالتۇن رەڭلىك نۇر چەمبىرىكىگە ئايلانغانىدى. ئىسرىق ئاستا ـ ئاستا كۆيۈپ، خۇش پۇراق چىقىرىپ تۇراتتى.

مۇقەددەس قەھرىماننىڭ چىرايى خاتىرجەم ۋە تەبىئىي كۆرۈنەتتى، چىرايى ئەزەلدىن ھازىرقىدەك بۇنداق خاتىرجەم، كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق بولۇپ باقمىغانىدى.

گەندى ھايات ۋاقتىدا، ئۆزى ئالەمدىن ئۆتۈپ 24 سائەتتىن كېيىن، جەسىتىنى ھىندى دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە كۆيدۈرۈشنى ئېنىق ئېيتقانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئارمىيە دەپنە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن چاغدىكى ۋەزىيەتنى كونترول قىلالايتتى. چۈنكى، ئەتە يېڭى دېھلىنىڭ كوچىلىرىدا ئادەم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كۆپ بولاتتى.

پۈتۈن ھىندىستان قەلبىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتنى سىمۋوللۇق ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىدى. گەندى ھايات ۋاقتىدا، مەملىكەت بويىچە ماتەم كۈنى ئۆتكۈزۈشنى جاكارلاپ، خەلقنى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىغا يېتەكلىگەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، ھىندىستان خەلقى يەنە بىر خىل ماتەم كۈنىنىڭ ئازابىغا غەرق بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرمەكتە ئىدى.

چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىكتە، ھېچقانداق ئائىلىدىن ئىس

چىققانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ كۈنى كەچتە، مۇقەددەس قەھرىمانغا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەر تاماق ئەتمىگەنىدى. پەقەت رادىئودىن گەندى ھايات ۋاقتىدا ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان قەسىدىلا ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كالكۇتتادا، ئامرىتساردا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ماگىزىنلار، قەھۋەخانىلار، ئاشخانىلار ۋە ھەر خىل ئىشخانىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئىش توختاتتى.

پاكىستاندا، نەچچە مىليون ئايال بىلەكلىرىدىكى ئەينەك بىلەزۈكلىرىنى چېقىپ، ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

مۇقەددەس قەھرىماننىڭ جەسىتى قويۇلغان پېشايۋان ئەتىرگۈل ۋە يەسمەن بەرگىلىرى بىلەن تولغانىدى. بەش دانە قارا چىراغ ئۇنىڭ بېشىغا ھالقا شەكلىدە تىزىلغان بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تۆت چوڭ تەركىبىي قىسمى ـــ ئوت، سۇ، ھاۋا ۋە تۇپراقنى، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن يوغۇرۇلۇپ كەتكەن قۇياش نۇرىغا سىمۋول قىلىنغانىدى. كىشىلەرنىڭ مۇقەددەس قەھرىماننىڭ دىدارىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، تەختىراۋان قىيپاش قىلىنىپ تۆۋەنگە قارىتىپ قويۇلغانىدى.

بىرنەچچە سائەت ئىچىدە، مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان كىشى گەندى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان جايغا قىستىلىپ كىرىپ، قىممەتلىك خاتىرە سۈپىتىدە ساقلاش ئۈچۈن گۈل ۋە يېشىل چۆپلەرنى تالىشىپ ئېلىۋېلىشتى.

ئۆتمۈشتە، ئۇلار مۇقەددەس قەھرىماننىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئەنگلىيە ساقچىلىرىنىڭ كالتەك ـ توقماقلىرىغا قارىماي ئالغا ئىلگىرىلىگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ئۇنىڭ چىرايىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، قىستىلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ شەپقەتچىسى بىلەن خوشلىشىۋېلىشنى بەس ـ بەس بىلەن تەلەپ قىلىشماقتا ئىدى.

گەندى، ھىندىستانغا مەنسۇپ، شۇنداقلا دۇنياغا مەنسۇپ.

گەندى سۇيىقەستكە ئۇچراپ بىرقانچە سائەت ئىچىدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تەزيىيە تېلېگراممىلىرى يېڭى دېھلىغا قار ئۇچقۇنلىرىدەك يېغىپ كەتتى.

ئەنگلىيىدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيان، تېخى ھېچقانداق ۋەقە بۇنداق غايەت زور ئىنكاس قوزغىمىغانىدى. لوندوننىڭ كوچىلىرىدا، كىشىلەر گەندىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشتى. پادىشاھ جورجى VI ، باش ۋەزىر ئاتېلى، گەندىنىڭ كونا رەقىبى چېرچىل، ئارخىئېپىسكوپ ۋە مىڭلىغان ئىنگلىزلار ئارقا ـ ئارقىدىن تەزىيە بىلدۈرۈشتى، فرانسىيە زۇڭلىسى ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ئىنسانلارنى قىزغىن سۆيىدىغان بارلىق كىشىلەر گەندىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن مەڭگۈ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلايدۇ.»

جۇڭگولۇقلار، ھىندونېزىيىلىكلەر ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كەڭ خەلق ئاسىيا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

ھىندىستاندا چىقىدىغان «ھىندىستان تۇغى گېزىتى» بۇ ۋەقە پەيدا قىلغان غايەت زور ئىنكاسنى مۇنداق ئىپادىلىدى:

«مۇقەددەس ئاتا گەندى ئۆز خەلقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلغانىدى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئاپەت جۈمە كۈنى يۈز بەردى. 1915 يىل ئىلگىرى ئەيسامۇ مۇشۇ كۈندە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانىدى.

«مۇقەددەس ئاتا، بىزنى كەچۈرۈڭ.»

تۇيۇقسىزلا بىر كېچە، ھىندىستان خەلقى تەرەپ ـ تەرەپلەردىن كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئاتىسىغا تەزىيە بىلدۈرۈشتى. ھۆكۈمەت، ئىشراش سادالىرى يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە

كەلتۈردى.

تاڭ سەھەر ۋاقتى بىلەن، تەختىراۋان يەنە بىر قېتىم پىشايۋانغا ئېلىپ چىقىلدى. مۇقەددەس ئاتا گەندىنىڭ چىرايى خاتىرجەم بولۇپ، يارىلانغان كۆكرىكى قىزىلگۈل بىلەن يېپىپ قويۇلغانىدى.

گەندى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك خەلقى بىلەن ۋىدالاشتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 بولغاندا، تەختىراۋان ھەربىي ماشىنىغا سېلىندى. ھەربىي ماشىنا قايغۇ ـ ھەسرەت كەيپىياتىغا چۆمگەن پايتەختنى كېسىپ ئۆتۈپ، يامۇنا دەرياسىغا ئانچە يىراق بولمىغان راجكۈت جەسەت كۆيدۈرۈش ئورنىغا قاراپ ماڭدى.

تاۋۇت سېلىنغان ماشىنا قوزغالدى، كىشىلەر تويپى دېڭىز دولقۇنىدەك ئېتىلىپ، ئارقىدىن ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈمەتنىڭ مىنىستىرلىرى، مەدىكارلار، ئاقسۆڭەكلەر، ھەرقايسى ئۆلكە (ۋازارەت)لەرنىڭ باشلىقلىرى، شۇنداقلا مۇسۇلمان ئاياللىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ھىندىستاندىكى ئوخشاش بولمىغان تائىپە، ئوخشاش بولمىغان دىن، ئوخشاش بولمىغان ئىرق ۋە ئوخشاش بولمىغان تەبىقىدىكى ئاممىغا ۋەكىللىك قىلاتتى.

ھەممە ئادەم قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەنىدى.

يامۇنا دەرياسىغا بارىدىغان سەككىز كىلومېتىرلىق يولنىڭ ھەممە يېرى ئەتىرگۈل بەرگىلىرى بىلەن تولغان، ھەممە يەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. پىيادىلەر يولىدا، دەريا توسمىلىرىدا، دەرەخ شاخلىرىدا، دېرىزىلەردە، ئۆگزىلەردە، سىم تۈۋرۈكلىرىدە نەچچە يۈز مىڭ ھىندىستانلىق مۇقەددەس قەھرىمانىنىڭ دىدارىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇراتتى.

تويپتوغرا بەش سائەت ئۆتكەندە، ئۇزۇنلۇقىدىن باش ـ ئاخىرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەپنە قوشۇنى يامۇنا دەريا ساھىلى مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. كۆيدۈرۈشكە كېرەكلىك ياغاچ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ماتېرىياللىرى خىش ـ تاش بىلەن ياسالغان تاۋۇت سۇپىسىغا تەخلەپ قويۇلغانىدى.

ئالىمقاچان ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرغان نەچچە يۈز مىڭ مۇخلىس ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز سۈيىدەك ئالدىغا قىستاپ كەلدى.

مۇنداق ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى كۆرگەن ئامېرىكىلىق بىر ئايال مۇخبىر ھەيران قېلىپ: «شۈبھىسىزكى، يەر شارىدا ھېچقاچان مۇنچە كۆپ ئادەم يىغىلىپ باقمىغان» دېدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4تە، گەندىنىڭ ئىككى ئوغلى گەندىنىڭ جەسىتىنى ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە ھىندى دىنىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بېشىنى شىمالغا قارىتىپ قويدى. ئۇلار دادىسىنىڭ جەستى ئۈستىگە كالا سۈتى، كوكۇس مېيى، كامفورا جەۋھىرى ۋە جەسەت كۆيدۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان پاراشوكلارنى سەپتى.

مۇقەددەس قەھرىماننىڭ ئوغلى ئىبادەتخانىدىكى ئۆچمەس چىراغدىن ياندۇرۇلغان مۇقەددەس ئوتنى قولىغا ئېلىپ، ئوتۇن دۆۋىسىگە ئوتاشتۇردى، بىر پارچە ئوت تۈۋرۈكى غالجىرلارچە ئاسمانغا ئېتىلىپ، ئوت دولقۇنى كىچىك تاغدەك ئوتۇن دۆۋىسىنى يۇتۇۋەتتى. مۇقەددەس قەھرىماننىڭ خاتىرجەم چىرايى قىپقىزىل يالقۇن ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا كۆزدىن غايىب بولدى.

كىشىلەر تويىدىن تاغنى تالقان قىلغۇدەك كۈچلۈك سادا پارتلىدى. ھەممە ئادەم شىددەت بىلەن ئالدىغا ئېتىلدى.

قىپقىزىل لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى بىلەن ئالتۇن رەڭلىك شەپەق خىلمۇخىل رەڭدە جىلۋە قىلغان چاغدا، 1 مىليون مۇرىتىنىڭ قەلبىدىن يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئەلۋىدا سادالىرى ئېتىلىپ چىقتى.

جەسەت كۆيدۈرۈلۈپ 12 ـ كۈنى مۇقەددەس قەھرىمان گەندىنىڭ جەسەت كۈلى «دېڭىزغا قويۇلىدىغان دەريا»غا چېچىلدى.

بۇ ھىندى دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس يامۇنا دەرياسى بىلەن

گانگ دەرياسى مۆشۆ يەردە قوشۇلاتتى.

قەدىمدىن تارتىپ ئۈركەشلەپ ئېقىۋاتقان بۇ دەريالار نەچچە مىليون نامى چىقمىغان ھىندىستانلىقنىڭ جەسەت كۈلىنى ئەكەتكەن. گەندى ھايات ۋاقتىدا، ئۇلار بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولغانىدى. ئەمدىلىكتە، ئۇ دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىدەك ئۆز خەلقىنىڭ روھى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ قوشۇلۇپ كەتتى.

مۇقەددەس قەھرىمانىنىڭ جەسەت كۈلى قاچىلانغان مىس قۇتا مەخسۇس پويىز بىلەن يېڭى دېھلىدىن ئالخابادقا ئەكېلىندى.

يول ئۈستىدە، نەچچە مىليون ئاммا تەرەپ ـ تەرەپلەردىن كېلىپ، تۆمۈريول ياقىسىدا ھەيۋەتلىك ئادەم تېمى ھاسىل قىلىپ، ھىندىستاننىڭ ئۇلۇغ روھىغا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈردى.

تاۋۇت ماشىنىسى ئاخىر مۇقەددەس دەريا ساھىلىغا يېتىپ كەلدى.

تەنتەنىلىك پەيت يېتىپ كەلدى. كىشىلەر قەسىدىلىرىنى ئوقۇشۇپ بىر ـ بىرىگە جور بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە نەچچە يۈز مىڭ مۇخلىس مۇقەددەس دەرياغا كىرىپ، ھەيۋەتلىك مۇراسىم ئۆتكۈزدى.

گەندىنىڭ جەسەت كۈلى گۈللەرنىڭ ھەمراھلىقىدا، يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى.

بىراۋنىڭ قايغۇلۇق ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلاندى:

باشلىغانتىڭ مېنى سەن
خىيالىي دۇنيادىن رېئاللىققا،
زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا،
ئۆلۈمدىن ھاياتلىققا...

گەندى بىر ئۆمۈر كۆرەش قىلغان ئىشلارنى ئورۇنداپ ۋاپات

بولدى.

پۈتۈن ھىندىستاندا، ھەرقايسى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى قىرغىنچىلىق شۇنىڭدىن باشلاپ ئاخىرلاشتى.

1919 - يىلىدىن 1948 - يىلى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر، گەندى ئىزچىل تۇردە كەلدى، ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان ئۇلۇغ تارىخىي درامىنىڭ باش رول ئالغۇچىسى ئىدى.

گەندى ھىندىستان سىياسىي سەھنىسىنىڭ پۈتكۈل خاراكتېرىنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتتى، ئەمما بىر ئۆزى ئۆزگەرمىدى، ئۇنىڭ ئوبرازى كۆچەيدىكى، ئاجىزلىمىدى. ئۇرۇش ئىس - تۈتەكلىرى ۋە شاۋقۇن - سۈرەنلەر ئىچىدە، ئۇ ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسلىق خاراكتېرنى — ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ كەلدى.

گەندى قىلىچە نالە قىلماي ئۆلۈپ كېتىشنى، خۇدانىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەسلىكنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئاخىرقى نەپىسىگىچە ئىشلەشكە قەسەم بەرگەنىدى، ئاخىر مۇرادىغا يەتتى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب خاتىمە

ھىندىستان مۇقەددەس قەھرىمانىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر خاتىرە تاش ئورناتتى.

بۇ خاتىرە تېشى قارا تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە ئىنگلىز ۋە ھىندى يېزىقىدا مۇخاندۇس كارامچاند گەندىنىڭ تەلىمى ئويۇلدى:

«مەن ھىندىستاننىڭ ئەركىن، قۇدرەتلىك، ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇشىنى، شۇنداقلا دادىللىق بىلەن بىر گۈزەل دۇنيا يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن قۇربان بېرىشىمىز، ھەربىر ئائىلە ئۆزىنىڭ ناھىيىسى ئۈچۈن قۇربان بېرىشى، ھەربىر ناھىيە ئۆزىنىڭ ئۆلكىسى ئۈچۈن قۇربان بېرىشى، ھەربىر ئۆلكە ئۆزىنىڭ دۆلىتى ئۈچۈن قۇربان بېرىشى، ھەربىر دۆلەت پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن قۇربان بېرىشى لازىم.

جەننەتنىڭ پانىي ئالەمگە يېتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.»

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، گەندىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى يەنە قانداق بولدى؟ خۇددى ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە غەم قىلغىنىدەك، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنىڭ تەلىماتىدىن ۋاز كەچتى. ھىندىستاننى قالاق ئىقتىسادىي ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار سانائەتلىشىش يولىنى تاللاپ، قەدىمكى يىپ ئېگىرىش چاقلىرىنى ئاللىقاچان بىر چەتكە تاشلاپ قويىدى.

ئىلگىرى گەندى كونگىرېسلار پارتىيىسىنى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىتتىپاقداش تەشكىلات قىلىپ ئۆزگەرتىشنى خىيال قىلغانىدى. ھازىر، ئۇ گەرچە يەنىلا ھىندىستاندىكى ئاساسلىق سىياسىي كۈچ بولسىمۇ، لېكىن

چىرىكلىك ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۆتمۈشتە، ھىندىستاننى قۇتقۇزۇش ئۈمىدىنى 500 مىڭ كەنتكە باغلىغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى يىرىك سانائەت تەرەپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان شەھەرلەرگە پۈتۈنلەي بېقىنىپ قالدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، 1947 ـ يىلى ھىندىستان يادرو بومبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پارتلاتتى، بۇنىڭ ئۆزى زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك تەلىماتىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىغانلىق ئەمەسمۇ؟

دۇنيا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا.

گەندىنىڭ بىرمۇنچە تەشەببۇسلىرى ئەينى ۋاقىتدا قائىدىگە سىغمايتتى، لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇلار نوپۇسى ئېشىپ كەتكەن، بۇلغىنىش ئېغىر بولغان، تەبىئىي بايلىقلار تۈگەش ئالدىدا تۇرغان ھازىرقى دۇنياغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىپ قالدى.

«تەبىئىي يېمەكلىكلەرنى كىشىلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىغا قاراپ ئىستېمال قىلىش»، «ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى بولمىغان بايلىقلارنى ئىشلەپ چىقىرىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش»، «ئوت ـ چۆپ دورىلىرى ۋە تەبىئىي ساقلىقنى ساقلاش شەرت ـ شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاش» دېگەنگە ئوخشاش تەلىملىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتمىگەنىدى. ھىندىستان، قالاق «ئەنئەنچىلىك»تىن ۋاز كەچكەن، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشۇشتەك ئۇزاق ئەنئەنىسىنى قوغداپ قالغان بۇ دۆلەت دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا قەيسەرلىك بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

# گەندى يىلنامىسى

1869 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بورباندار شەھىرىدە تۇغۇلغان.

1881 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن.

1888 ـ يىلى ئەنگلىيىگە ئوقۇشقا بېرىپ، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن ئۆگەنگەن.

1894 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدا ناتال ھىندىلار مەجلىسىنى قۇرغان.

1899 ـ يىلى بۇئېر ئۇرۇشىدا ھىندىستان قۇتقۇزۇش ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

1901 ـ يىلى كونگىرېسلار پارتىيىسىنىڭ 17 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان.

1904 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدا «ھىندى ئوبزورى»نى نەشر قىلغان.

1907 ـ يىلى تۇنجى قېتىم «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش» پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇش پەرمانىغا قارشى تۇرغان.

1909 ـ يىلى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ لوندونغا تەلەپ قويۇشقا بارغان. «ھىندىستان ئاپتونومىيىسى» ئۇقۇمى شەكىللىنىشكە باشلىغان.

1911 ـ يىلى زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ، جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ ھىندىلارنى كەمسىتىدىغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆچمەنلەر قانۇنىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن.

1919 ـ يىلى لاۋرات قانۇن لايىھىسىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي قارشىلىق كۆرسىتىش مەجلىسىنى قۇرغان ھەمدە مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي بازار تاشلاشنى تەشكىللىگەن.

1920 ـ يىلى گەندى ئەنگلىيىگە قارشى «ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىق قىلغان.

1928 ـ يىلى كونگىرېسلار پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا «ھىندىستان ئاپتونومىيىسى» توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھىسىنى ئۆتتۈرىغا قويغان.

1930 ـ يىلى تۇز بېجىنى كېمەيتىش ئۈچۈن، ئۆزى پىدائىيلارغا باشچىلىق قىلىپ دېڭىز بويىغا بېرىپ تۇز چايقاپ، مەملىكەت بويىچە ئىنقىلابنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى شەكىللەندۈرگەن.

1933 ـ يىلى قارا خەلق سىنىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلىش ئۈچۈن 21 كۈن ئاچلىق ئېلان قىلغان.

1937 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ بېقىندىسى بولغان ھىندىستاندا ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، كونگىرېسلار پارتىيىسى غەلىبە قىلغان، ئارقىدىنلا گەندى تەييارلىغان قارار ماقۇللانغان.

1940 ـ يىلى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى پاكىستاننى بۆلۈۋېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن، كونگىرېسلار پارتىيىسى بىلەن بولغان قارىمۇقارشىلىق كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيگەن. لېكىن، گەندى ھىندىستان بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى تەشەببۇس قىلغان.

1941 ـ يىلى مەشھۇر «قۇرۇلۇش پروگراممىسى»نى ئېلان

قىلىپ، ھىندىستان بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى تەشەببۇس قىلغان.

1942 ـ يىلى ئەنگلىيىنى «ھىندىستاندىن چىقىرىۋېتىش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

1948 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، ھىندى دىنىي مۇرتىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

[General Information]
书名=印度圣雄—甘地　维吾尔文
SS号=40256066